# شىنجاڭ تەزكىرچىلىكى



4

1999

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

16 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 49 - سان

1999 - يىللىق

4 - سان



باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

قادىر ھايىز

غوپۇر ھوشۇر نىيازى

ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسلىھەتچىلەر

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت تۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:

ئابلىز ئورخۇن


## مۇندەرىجە


**تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى**

تەزكىرىچىلىكنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...... مەرھابا شاۋۇدۇن 1

**تارىخ سەھىپىسىدە**

چۆچۈلىغا ئايلانغان تەنلەر ............ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 4

«تەكلىپنامە» گە ئورالغان كىشەن ............ قاۋۇل ساۋۇر 14

يەكەننىڭ بىر مەزگىللىك ھاۋا قاتنىشى ............ ياقۇپ ئەمەت، ياك يۇساك 17

شۇە ئاغىچا سارىخان ............ ھاشىرجان ئىمىن 18

**ئىلمىي مۇھاكىمە**

جاھانگىر خوجىغا ئەنگلىيىنىڭ ياتتاياق بولغانلىقى گۇمانلىق ............ پەن جىپىڭ 20

**مەشھۇر شەخسلەر**

مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن ............ مامۇتوف قۇربان 23

**كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى**

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمەت لەقەملىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى ............ مېھراي مەمتىلى 43

**مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى**

توقسۇن بوستان جامەسى ............ ئەشرەپ ئابدۇللا 47

**ئۆرپ - ئادەت**

كۆككە چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىپادىسى ............ بېلىقىز مۇھەممەت 50

**جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى**

ئىككىنچى بۆلۈم 1 باب. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەۋملەرنى ئۆز قارىمىقىغا ئېلىشى ...... 53

# تەزكىرىچىلىكنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مەرھابا شاۋۇدۇن

(ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن)

چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس جاڭ شۆچېڭ ئۆزىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مەغلۇبىيەتلىرى، پايدا ۋە زىيىنىنى خۇلاسىلەپ تەزكىرىشۇناسلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ھەمدە نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ تەزكىرە ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەزكىرىشۇناسلىقمۇ بىر پەن سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە ۋە بارغانسېرى مۇكەممەللەشمەكتە. تەزكىرە پەن ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ يوق؟ دېگەن مەسىلە تەزكىرىشۇناسلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. كۆپلىگەن تەزكىرىچىلەر بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ ئىزدەندى ۋە ئىزدەنمەكتە. مەنمۇ بۇ ماقالەمدە تەزكىرىچىلىكنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىلىم - پەن دۇنياسىدىكى ھەرقانداق بىر پەن، ئۆز نۆۋىتىدە، باشقا پەنلەر بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت شۇ پەننىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ ۋە شۇ پەننىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشىدە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. تەزكىرىچىلىكمۇ بىر پەن بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا پەنلەر بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. تەزكىرىچىلىكنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشىنى ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى بەلگىلىگەن. تۆۋەندە مەن تەزكىرىچىلىكنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە كونكرېت توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1. تەزكىرىچىلىك بىلەن ئارخېئولوگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى**

تەزكىرىچىلىك ئارخېئولوگىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى تەزكىرە تۈزۈشتە شۇ جاينىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىغا توغرا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئارخېئولوگىيە دەل ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۇنى ماددىي ئىسپات بىلەن دەلىللەپ بېرىدىغان تارىخىي ماددىي بۇيۇملارنى، بولۇپمۇ يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئاسار ئەتىقە ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تەتقىق قىلىش، بۇ ئارقىلىق قەدىمكى دەۋردىكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ماددىي مەدەنىيەت قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىش، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش، يازما خاتىرە بولمىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. بۇ خىل تەتقىقات ماتېرىياللىرى تەزكىرىنى يېتەرلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. كونا تەزكىرىلەر تۈزۈلگەن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى تازا راۋاجلانمىغانلىقى ئۈچۈن،



بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ئۈستىدە يۈزەكى يەكۈن چىقىرىلغان ياكى تېررىتورىيە، مىللەت قاتارلىقلارغا دائىر چىن ماتېرىياللار يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقاچقا، تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلمىگەندى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئارخېئولوگلارنىڭ قەدىمكى خارابە ئىزلىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە جايلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك تېپىلمىلار مەيدانغا كېلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش ئىشلىرىنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بۇ خىل ماتېرىياللار يېڭى تەزكىرىلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى ۋە چىنلىقىنى ئاشۇردى. بۇ ھال ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشىر قىلىنغۇاتقان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىدە روشەن ئىپادىسىنى تاپتى. يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئارخېئولوگىيە تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان تارىخىي ماتېرىياللارنى دەلىللەيدۇ، تەزكىرىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلايدۇ، بەزى خاتا يازما ماتېرىياللارنى تۈزىتىدۇ. مانا بۇ تەزكىرىچىلىك بىلەن ئارخېئولوگىيىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى.

### 2. تەزكىرىچىلىك بىلەن سىياسەت ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى

تارىختىن بۇيان تۈزۈلگەن تەزكىرىلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، «چىن شىخۇاڭ تەزكىرىسى»، «ئازابىبەگلەر تەزكىرىسى»، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «سۈينامە. ئەمەل - مەنسەپ تەزكىرىسى»، «شۈنجيالىڭ دىيارىنىڭ تەزكىرىسى»، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»، «يۈسۈپ قادىرخان غازى تەزكىرىسى»، «ئارسلانخان تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ئېھتىياجدىن ئايرىلالمىغان. ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ تەزكىرە تۈزۈشى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

تەزكىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئادەتتىكى ئۇنىۋېرسال تەزكىرىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جاينىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ھاكىمىيەت ئاپپاراتى، ئەمەل - مەنسەپ، ھەربىي، ساقچى، جەمەت، قەۋم، ئىجتىمائىي گۇرۇھ قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ ۋە ئەينى چاغدىكى سىياسىيغا زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئاددىيسى نوپۇس بايان قىلىنىغانلىرىغىمۇ شۇ چاغدىكى سىياسىي خاھىش سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەتقىق قىلىشتا ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

### 3. تەزكىرىچىلىك بىلەن ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى

كونا تەزكىرىلەردە گەرچە ئىقتىسادقا ئائىت ماتېرىياللارنى خاتىرىلەشكە تازا ئېتىبار بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ماتېرىياللار يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان. مەسىلەن: مىڭ كاڭخىن تۈزگەن «ۋۇگۇڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە بازار، ئېرىق - ئۆستەڭ، نوپۇس، مەھسۇلات قاتارلىق ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. «ۋۇ پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» گىمۇ نوپۇس، باج - سېلىق، يەر - زېمىن، ئامبار قاتارلىقلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار كىرگۈزۈلگەن.

ئىقتىسادشۇناسلىق، ھەرخىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ كونا تەزكىرىلىرى گەرچە بۇ تەلەپكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى مەلۇم مىقداردىكى ئىقتىسادقا ئائىت ماتېرىياللار ھازىرمۇ خېلى ياخشى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ھازىرقى سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى جەريانىدا بۇ خىل تەتقىقاتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، يەنى سانائەت ئىقتىسادى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللار توپلىنىپ ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق

www.uyghurkitap.com

نەزەرىيىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە يەنىمۇ تەتقىق قىلىنىپ، پىششىقلىنىپ يېڭى تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلۈپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى ۋە مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**4. تەزكىرىچىلىك بىلەن پېداگوگىكىنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئېلىمىزنىڭ كونا تەزكىرىلىرىدە فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمى ۋە بىلىم يۇرتىغا ئائىت ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن؛ ۋۇ شۇ ئىسلاھاتىدا فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەم كەسپىي مەكتەپلەر، ئاممىۋى تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتقۇچىلار ۋە بەزى شەخسلەرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى پېداگوگىكىغا ئائىت ماتېرىياللاردۇر.

تەزكىرىدە، گەرچە پېداگوگىكىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەپسىلىي بايان قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ جايلارنىڭ كونا، يېڭى مائارىپى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قىممەتلىكتۇر. يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرىلەردە بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پېداگوگىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئائىت يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرنى چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە پېداگوگىكا ئىنتايىن تېز راۋاجلاندى ۋە بارا - بارا بىرنەچچە تارماققا ئايرىلدى. بۇ خىل ئەھۋال تەزكىرىگە نىسبەتەن يېڭى تەلەپ يەنى ماتېرىيال توپلاش دائىرىسىنى يېڭىدىن بارلىققا كېلىپ گۈللىنىۋاتقان ساھەلەرگىچە كېڭەيتىش ۋە يېڭى ئەھۋاللارنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردە چوقۇم مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەزكىرىچىلىك بىلەن پېداگوگىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىش كېرەك.

**5. تەزكىرىچىلىك بىلەن سوتسىئولوگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئېلىمىزنىڭ كونا تەزكىرىلىرىدە نوپۇس، مىللەت، دىن قاتارلىقلارغا ئائىت مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن، بۇلار ھەم ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ مەزمۇنى، ھەم سوتسىئولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىمىزدە دىنغا ئائىت تەزكىرىلەر گەۋدىلىكرەك، «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى»، «ھاجى فارابى تەزكىرىسى»، «ئىمام ئەپتەھ مازىرى تەزكىرىسى»، «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى»، «ھەزرىتى ئىماملار تەزكىرىسى» قاتارلىق مازار ھەققىدىكى تەزكىرىلەر ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا سوتسىئولوگىيە ساھەسىدە نوپۇس، ئەمگەك، مىللەت، دىن قاتارلىق كۆپلىگەن مەخسۇس پەنلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ مەخسۇس پەنلەرگە چېتىلىدىغان ماتېرىياللارنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودىكا ئاساسىدا تەتقىق قىلىپ، تەھلىل قىلىپ ۋە بايان قىلىپ، ئۇلارنى يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرىگە كىرگۈزۈپ، سوتسىئولوگىيىنىڭ تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.

**6. تەزكىرىچىلىك بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى**

تەزكىرىلەردە ئادەتتە جايلارنىڭ مۇزىكا، رەسىم، ئۇسسۇل، فوتو سۈرەت، ئويمىچىلىق قاتارلىق بەدىئىي ئەسەر گۈزەل - سەنئەت ئەسەرلىرى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە تۆھپىسى بار كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلىنىدۇ. موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دېگەن ئەسىرى دەل مۇزىكا، مۇقام سەنئىتىگە بېغىشلانغان تەزكىرىدۇر. بۇ ماتېرىياللارنى ساقلاش مۇزىكا، رەسىم، دراما ۋە ئەلنەغمە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق.

**7. تەزكىرىچىلىك بىلەن تەبىئىي پەننىڭ مۇناسىۋىتى**

ئېلىمىزنىڭ كونا تەزكىرىلىرىدە تەبىئىي پەنگە

(ئاخىرى 13 - بەتتە)

# چۈچۈلىغا ئايلانغان تەنىلەر

**مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى**

قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى شىمالىي سېپىل ياقىسىغا جايلاشقان «تېرەكلىك» ① دېگەن جايدا بىر تۈرمە بار بولۇپ، بۇ جاي بۇرۇن بىرقانچە باي تەرىپىدىن ھاجىلار چۈشىدىغان «چۈشكۈنخانە» قىلىپ ياسالغان، كېيىن 1933 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بۇ جاي ھەربىي ـ سىياسىي لاگېرغا ئايلىنىپ، سىياسىي مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمىگە ئايلاندى.

1937 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قەشقەردە يۈز بەرگەن ھەربىي ئۆزگىرىش قەشقەر خەلقىدىن نۇرغۇن كىشىنىڭ قامىلىشىغا سەۋەب بولدى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زىيالىيلار قاتلىمىدىن ئىدى.

شۇ كۈنى (جۈمە كۈنى) قەشقەردە تۇرۇشلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 ـ دېۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ يوشۇرۇن ھالدا چەتكە چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭ «قويرۇقى» ھېسابلانغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەھلىكىدە قالدۇرغانىدى.

شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋەقە يۈز بېرىشى بىلەنلا شەھەردىن، ئەتراپتىكى ناھىيە ۋە يېزىلاردىن نەچچە يۈز كىشىنى يەنى ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدىغان كىشىلەرنى ئۇشتۇمتۇت تۇتۇپ كەتتى، بۇلاردىن يۈزدىن ئارتۇق زىيالىينى تېرەكلىكتىكى بۇ تۈرمىگە قامىغانىدى.


قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلار ئىچىدە «نوبىشى» مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ۋە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى يۈسۈپ «زىيا» ئەپەندى ئىبراھىممۇ بار بولۇپ، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىلا كېچىسى ئۆيىگە تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەن باسمىچىلاردىن خوجا يۈسۈپ، ھۆسەيىن پىچاقچى دېگەن جاللاتلار باشچىلىقىدىكى ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانىدى.

يۈسۈپ «زىيا» ئەپەندىمۇ 2 ئايلاپ تېرەكلىكتىكى تۈرمىنىڭ مەلۇم قاراڭغۇ كامېرىدا قولىغا بىلەيزۈك (بىلەك ئۈزۈك)، پۇتىدا ئېغىر كىشەن سېلىنغان ھالدا، «مۇنكىر ـ نىكىر» لەرنىڭ سوراقلىرىغا جاۋاب بەرمەكتە ئىدى.

يۈسۈپ ئەپەندى 1895 ـ يىلى ئەتراپىدا قەشقەر شەھەر ئىچى كاللا مەھەللىسىدە ئىبراھىم ئاخۇن ئاكا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بىر مەزگىللىك ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن مەھەللە مەكتەپلىرىدە ساۋاتىنى چىقارغان، مەدرىسلەردە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان.

دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۆلەتلەر ئارا تىنچلىق مەزگىللىرىدە ئاكىسى ھېكىم ھاجىغا قوشۇلۇپ ھەججە جابدۇنغان. تۈركىيىگە بارغاندا ئىقتىسادى يېتىشمەي ئاكىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئىستانبۇلدا بىر مەزگىل تۇرغان، بۇ جەرياندا سۇ سېتىش، يايمىچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىدىكى ئىستىكى، ئوقۇپ بىلىملىك بولۇش بولسىمۇ، يېشىنىڭ چوڭكىيىپ قالغانلىقى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، مۇھىمى ئىگىسىزلىك ئۇنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا ئىمكان بەرمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ ھەركۈنى ئىستانبۇلنىڭ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوقۇش پائالىيەتلىرىنى سىرتتىن كۆزەتكەن، بولۇپمۇ تەنتەربىيە ئۇنىڭ قىزىقىپ ئۆگىنىدىغان دەرسلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا



چەكلىنىپ قالماي، تىجارەت مەزگىلىدە تونۇشقان بىر سودا فىرمىسىنىڭ بوغالتىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھېسابات ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا تەدبىقلىغان.

يۈسۈپ ئەپەندى ئىستانبۇلدا يالغۇز تىجارەت ۋە ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇ يەرنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى، مائارىپى، يۈنىلىشى قاتارلىقلارغا قىزىققان، بۇ يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى ۋە تارىخىغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ بىلىم ئالغان. ياۋروپانىڭ بىر قىسمىغا جايلاشقان بۇ شەھەرنىڭ، يۇرتىغا قارىغاندا ئىلىم، مەدەنىيەت تەرەققىياتتا ئۈستۈن بولغانلىقى ئۇنى يېڭىلىققا تېخىمۇ ئىنتىلدۇرگەندى.

ئۇ ئۆز يۇرتى قەشقەرنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش سەۋىيە قاتارلىق جەھەتلەردە تولىمۇ ئارقىدا قالغانلىقىنى بايقاپ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولاتتى، ئۆز خەلقىنى بىلىملىك قىلىش، يۇرتىدا مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرىنى باشلاش ئىستەكلىرى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ باراتتى.

ئۇ ئىستانبۇلدىكى ۋەتەنداشلىرىغا ۋەتىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇلار بىلەن مەرمەر دېڭىزى بويلىرىدىكى ساپ ھاۋالىق سەيلىگاھلاردا بىللە بولاتتى، پىكىرلىشەتتى. ئۇلاردىن بىرى قەشقەر ئاتۇشلۇق مۇھەممەدئېلى ئەپەندى بولۇپ، قەشقەر ئاتۇشلۇق مۇسابايوفلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىستانبۇلنىڭ مەلۇم مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىلەن دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى تەتىل ۋاقىتلىرىدا ئۇچرىشىپ تۇراتتى.

ئەينى چاغدىكى قەشقەردىكى دوستلىرىدىن ئىستانبۇلغا كەلگەن خەتلەر مەزمۇنىدىن يۈسۈپ ئەپەندى سۆيۈملۈك يۇرتى قەشقەردىكى جەمئىيەتنىڭ يەنىلا كونا قېلىپتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قىلچە يېڭىلىق بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ھەسرەت چەككەندى.

مانا بۇ ئەھۋاللار تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە ئاشىنا بولغان يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۇنى سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر قىلاتتى، يار - دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، دەردىنى تۆكۈپ ئۆزىنى يېنىكلىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئەڭ دىلكەش دوستى مۇھەممەت ئېلى «تەۋپىق» ئىدى.

ئۇ «تەۋپىق» ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قىلغان دوستانە سۆزلىرىگە قارىتا پات - پات تۈرك شائىرى نامىق كامالنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئوقۇيتتى:

ئۆلەرسەم كۆرمەيىن مىللەتتە ئۇمىد ئەتدىكىم پەيزى،
يېزىلسۇن سەڭگى ② قەبرىمگە ۋەتەن مەھزۇن ③،
مەن مەھزۇن

* * *

1930 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، قەشقەر كوچىلىرىدا تۈركچە قاراقول كۆرپە تۇماق كىيگەن، گالاستۇك تاقىغان، يولۇق تېرىكە كاستيۇم - بۇرۇلكا، دۇراپ پەلتو، خۇرۇم بەتىنكە كىيگەن بىر كىشى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بۇ خىل كىيىنىش ئەينى چاغدىكى يۇرت ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي بىر ئىش بولغاچقىمۇ كىشىلەر ئۇنى كۆرگەندە ئەجەبلىنىپ قارايتتى، بەزى يۇرت كۆرگەنلەر، ئاز تولا مەدەنىيەت ئۆزلەشتۈرگەن كىشىلەر ئاڭلىق قارىدى-دە، بۇ شەھىرىمىز ئۈچۈن يېڭىلىق، تۇرمۇشتىكى مەدەنىي ھاياتنىڭ باشلىنىشىدىن بىر ئەسەر دېيىشتى، بۇنىڭ ئەكسىچە مۇتەئەسسىپلىككە بېرىلگەن ياكى تەسەۋۋۇرىنىڭ «جەندەچىلىك» زەھىرىگە سۇغۇرۇلغان بەزى كىشىلەر ئۇنى «غەيرىي دىندىكى ئادەم» دەپ ئاتىدى.

ئەينى چاغدىكى يۇرتتا قىياپەتكە قارىتا يامان كۆزقاراش كۈچلۈك ئىدى، ھەتتا كالتە چاپان كىيىش، ساقال قىرقىش، تۇسىنى ئادەتتىكىدىن غەيرىي ئۆزگەرتىش بىر ئوچۇملار ئالدىدا جىنايەت ھېسابلىناتتى ۋە «دىندىن چىققانلىق» دەپ قارىلاتتى. لېكىن بۇ «غەلىتە قىياپەتلىك ئادەم» قەشقەرلىك يۈسۈپ ئەپەندى ئىبراھى بولۇپ، تۈركىيىدىن قايتىپ كەلگەندى، گەرچە ئۇ قەشقەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىلەن بىرقەدەر تونۇشلۇق بولسىمۇ، يۇرتداشلىرىنى مەدەنىي تۇرمۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ياۋروپا پوسونى بىلەن خەلق ئىچىگە كىرىپ كەلگەندى. گەرچە ئۇنىڭ ئۈستىدىن سۆز -

چۆچەكلەر چىقىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆمەربايىنىڭ يېقىن ئادەمى بولغاچقا سۆز - چۆچەكلەر بېسىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىكى «جەدىتچىلەر» نىڭ تايانچىسى بولغان ئاخۇنبايوف ۋە ئابدۇرېھىم بايۋەچچىلەر ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئېلىپ يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرغان زاۋۇتىغا خىزمەتكە ئالدى.

يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ قەشقەردىكى غەيرىي شارائىتقا سىغىپ كېتەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ يۇرتقا زور ئېھتىياجلىق كىشى بولۇپ قالغانلىقىدا ئىدى. ئۇ قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە قەشقەر شەھىرىگە قانچىلىغان بوغالتېر تەييارلاپ بەرگەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن بوغالتېرىيە خادىمى يوق دېيەرلىك ئىدى، بولغاندىمۇ تولىمۇ ئاز ئىدى.

شەھەردە گەرچە كاتتا بايلارنىڭ بىرقانچە سودا سارايلىرى شۇنىڭدەك چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئۇنلىغان سودا سارايلىرىدا ھېسابات ئىشلىرى پەقەت «مىرزا» دەپ ئاتالغان كىشىلەر تەرىپىدىن بىرگىنە ئۆزۈنچاق دەپتەرگە «باز ئالدى، باز بەردى» دەپ يېزىش ئۇسۇلى بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى. بۇ ئۇسۇل تولىمۇ پاسسىپ، تولىمۇ قالاق ئىدى. 20 - يىللاردىكى سودا، تەرەققىيات سىستېمىلىق ھېساباتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقتىن بەزى، بايلار سىرتقى ۋىلايەتلەردىن خادىم تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە يۈسۈپ ئەپەندى ئۆز ئۆيىدە بوغالتېرلىق كۇرسى ئېچىش بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭدا ئوقۇغان 15 كىشىدىن 12 كىشى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە قانائەتلىنەرلىك ئوقۇپ چىقىپ باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

چۈنكى قەشقەردە مەۋجۇت «گلاۋنوي بوغالتېر» دەپ ئاتالغان ئۈچ كىشى 30 دەك ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقان بولسىمۇ، جەمئىيەتكە كۆڭۈلدىكىدەك ھەسسە قوشالمىغانىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە يۈسۈپ ئەپەندى 2 - ، 3 - ، 4 - قېتىملىق ئاچقان كۇرسىدىمۇ 50 تەك بوغالتېرنى تەييارلاپ جەمئىيەتكە قوشتى. بۇلاردىن بىرقانچىسى ئۆز ئۆيىدە كۇرس ئېچىپ ھەۋەسكارلاردىن بىرقانچە ئون كىشىنى ئوقۇتقانىدى.

شۇنىمۇ دېيىشكە توغرا كېلىدۇكى، باشقىلار ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئايدا نەچچە تىللا ھەق ئېلىپ ئوقۇتقان بولسا، يۈسۈپ ئەپەندى ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ ئالغان ئىش ھەققى ئۇلارنىڭ 25% - 30% ىگىلا توغرا كېلەتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ بوغالتېر تەربىيىلەش خىزمىتى قەشقەر تارىخىدا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نەۋرە شاگىرتلىرى رىشات ئېلى كېيىنكى يىللاردا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن مىڭلىغان ئوقۇغۇچىنى بوغالتېر قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە ئىشلەپ ئىنتىزاملىق مالىيە - ھېساباتنى بەرپا قىلىپ بەرگەنىدى. مانا بۇ شەرەپمۇ باش ئۇستاز يۈسۈپ ئەپەندىگە مەنسۇپ بولسا كېرەك.

1930 - يىللاردىكى قومۇل ئىنقىلابى جەنۇبقا جۇملىدىن قەشقەرگە خىللا يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن بىرى قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىدى.

شەھەر زىيالىيلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ۋالىي يۇنۇس بەگ سەئىدىنىڭ قوللىشى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ شەھەرنىڭ غەربىي شىمال ياقىسىدىكى «نوبېشى» مەكتىپى ئىدى.

يېڭى مائارىپقا مەسئۇل قىلىنغان ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم ئۇيغۇر، تاتارلاردىن بولۇپ بىرقانچە ئۇستازنى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا بېكىتتى. جۇملىدىن يۈسۈپ ئەپەندى ئىبراھىممۇ ئىلمىي مۇدىرلىققا تەيىنلىنىپ ماتېماتىكا ۋە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغانىدى.

ئۇ، تاكى 1937 - يىل 4 - ئايغا قەدەر ئۆز خىزمىتىنى تولىمۇ بىجانىدىللىق بىلەن ئىشلىدى. ئۇ يۇرتتىكى زامانىۋى ئوقۇشقا قارشى چىققۇچىلارنىڭ تۈرلۈك مەزھەپچىلىك، بۆلگۈنچىلىك ۋە قاتتىق تەھدىتلىرىگە باش ئەگمىدى. سىرىق دېگىنال تىرىكىدىن تىكلىگەن كالتە شىم - كەمزۇل، ئىسپانچە

شەپكە، سەندەل كەشلەر بىلەن كىيىنگەن نەچچە يۈزلىگەن ياش ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپنىڭ كەڭ سەھنىسىدە گىمناستىكا، ئىنتىزام مەشقلىرى بىلەن بېزىگەندە ئەتراپنى تاماشىبىنلار قاپلايتتى، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە جۇشقۇنلۇق بىلەن كۆز تىكەتتى ۋە ئوقۇغان غەزەللىرىگە قولاق سالاتتى.

ئەۋۋەلدە غۇنچە ئىدۇق ئەمدى ئېچىلدۇق،
ئەسىرى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش باشلىدۇق.
نەچچە يىللار زالىم قولىدا خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولى ئۈچۈن زار بولدۇق.
ياشىسۇن! مەكتەپ، ياشىسۇن مەكتەپ،
ئىلىم - ئىرپان يوللىرى بىز ئۈچۈن شەرەپ.

قاتارلىق غەزەللەر ئوقۇلغاندا كۆزلەردىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلاتتى.

يۈسۈپ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئوتتۇراياش مەزگىللىكىگە قارىماي ئوقۇغۇچىلىرىنى ماھارەت بىلەن تەربىيىلىدى. ھەتتا ھەر يىلى ياز كۈنلىرىدىكى تەتىل ۋاقتىدا بىر قانچىلىغان ئوقۇغۇچىنى باشلاپ يازلىق ساياھەتنى باشلىۋېتەتتى. ئۇزۇن مۇساپىلەرنى پىيادە بېسىپ دالىلار كېزىپ، ئارىلىقلاردىكى مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلدۇراتتى. ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ تەجرىبە ئالماشتۇراتتى.

يۈسۈپ ئەپەندى ئاخىرقى يەتتە يىللىق ھاياتىنى مەكتەپ ئۈچۈن، ئوقۇتۇش ئۈچۈن مىللىي مائارىپنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ «زىيا» (يورۇق) تەخەللۇسىغا ئىگە بولدى.

دېمەك، 30 - يىللارنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە قەشقەردىكى جاھالەتلىك كەيپىيات خۇددى قاپقاراڭغۇدا قالغان يولۇچىلار چىراغقا تەشنا بولغاندەك ئىلىم - پەن خادىملىرىغا شۇنچە تەشنا ئىدى. ئۇلارنىڭ بىلىم نۇرىدا ئاشۇ قاراڭغۇ جاھالەتنىڭ يورۇتۇشىنى تىلەيتتى. ئەنە شۇ پەيتلەردە قەشقەردە ئەنە شۇنداق بىرنۇر ۋىللىدە ياندى. بۇ نۇرنىڭ ئارىسىدا يۈسۈپ ئىبراھىممۇ بار ئىدى.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى يۈسۈپ ئەپەندى ياتقان تېرەكلىكتىكى تۈرمە كامىرىنىڭ ئىشىكى قاتتىق ئېچىلدى. ئىشىكتىن قانداقتۇر قارا كىيىم بىلەن نىقابلانغان قارا كۆلەڭگۈلەر ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى-دە، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئاغزىنى تاڭدى ۋە بېشىغا تاغار كىيدۈردى.

ئۇ قاراڭغۇلۇقتا بىرقانچە تار ۋە ئەگرى يوللار بىلەن ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى سوراقچى ئالدىدا كۆردى.

زىغىرەڭ چىپەرقۇتتىن تۆت يانچۇقلۇق كىيىم كىيگەن بۇ سوراقچى جاۋابكارنى بىر تۈرلۈك مۇلايىم چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇدۇلدىكى بىر ئۇستەلگە تەكلىپ بىلەن ئولتۇرغۇزدى. ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى يۇملاق شىرەگە بىر تەخسىدە چاقماق قەنت، بىر قۇتا «سۇۋېرنايا پالمىرا» ماركىلىق سوۋېت تاماكىسى بىلەن گۈڭگۈرت قويۇلغانىدى.

سوراقچى بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ، ئىككى تال چاقماق قەنت سالدى - دە، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئەپەندى ئالدىدىكى تۈلكىدەك ھىجىيىپ تۇرغان ئادەمگە كۆز تاشلىغىنىدا، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ جان ئالىدىغان «ئەزرائىل» ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايى بىلەن ئەپەندىنى چايغا تەكلىپ قىلىشىدىمۇ بىر تۈرلۈك ئالدامچىلىقنىڭ تۈسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەپەندى ئۈنچىقمىدى، بەلكى ئۇنىڭ چاي - تاماكىسىغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمىدى. سوئال نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى سوراقچىنىڭ باشلىغان سۆزى بۇزدى.

— سىز ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان زىيالىي ۋە چەتتە ئوقۇغان ئادەم! سىزني ياتاقخانىمىزدا بىرقانچە كۈن توختىتىپ قويۇشىمىزدا مەلۇم سەۋەبلەر بار. بىز سىزنى سەمىمىي كىشى دەپ بىلىمىز! ئەگەر سىزدە ئۈمىد كۈتكەن ئەنە شۇ سەمىمىيەت راستىنلا بولىدىغان بولسا سورىغانلىرىمىزغا توغرىلىق بىلەن جاۋاب بېرىڭ؟!

— بىز مۇسۇلمانلار راست گەپ قىلىشنى ئۈستىمىزگە ئالغان، راست ئىشقا راستلىق بىلەن جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن!

— ياخشى! ئۇنداق بولسا سىز تۈركىيىگە

www.uyghurkitap.com

بارغاندا قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىڭىز؟ كىملەر بىلەن كۆرۈشتىڭىز؟ قايتقاندا نېمە ئىشلارغا بۇيرۇلدىڭىز؟ مانا مۇشۇلارنى ئېيتىپ بېرىشكە بولامدۇ؟

— مەن ئىستانبۇلدا تۇرمۇش ئۈچۈن چېلىشتىم. چۈنكى تۇرمۇش ھاياتىمنىڭ كېپىلى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك ۋە تىجارەت قىلىشقا توغرا كەلدى. بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمگە لازىملىق بىلىمنى ئۆگەندىم، قايتقاندا ئۆگەنگەنلىرىمنى خەلقىم ئۈچۈن سوۋغات قىلدىم. مانا بۇلار مېنىڭ بېرىش، تۇرۇش، قايتىشتىكى تەپسىلاتلىرىم.

سوراقچى يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ جاۋابىغا قانائەتلەنمىدى بولغاي، مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويدى:

— سىز باللارچە سۆزلەپ مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىسىز؟ مەن سىزدىن بۇنداق سۆزلەرنى سوراۋاتقىنىم يوق.

— سىز مەندىن راست سۆزلەشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۆز ئەينى بويىچە جاۋاب بەردىم.

— ئۇنداق بولسا، سىزنى نېمە ئۈچۈن پانتۈركىست دەيدۇ؟!

— بۇ ئاتالغۇ دۇنياۋى ئاتالغۇ، تۈركىيىدە بولسا بىر تەشكىلات، ئۇ تەشكىلات بىلەن ئالاقىدار بولغان كىشى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. مەن ئۇ تەشكىلات بىلەن ئالاقىسىز بولغىنىم ئۈچۈن بۇ نام بىلەن ئاتىلىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن.

— ئۇنداق بولسا، سىز قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنى نېمە ئۈچۈن شۇ مەكتەپلەردە تەربىيىلىدىڭىز؟! ئۇلارغا تۈركچە نام قويغانلىقىڭىز سىزنىڭ پان تۈركىستلىكىڭىزنىڭ ئىسپاتى بولالامدۇ؟

— ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپتىن نام بېرىش ئومۇمىي قائىدە، سىزمۇ بىلىسىز. كىرەك، ئۆتمۈشتە يۇرتتا ئېچىلغان خەنزۇچە مەكتەپلەردىمۇ ئۇيغۇر بالىلىرىغا خەنزۇچە نام بېرىلگەن ئەمەسمىدى؟!

— ئۇنداق بولسا ئوقۇغۇچىلارغا نېمە ئۈچۈن «تۈرك بىز! ئانا يۇرتىمىزنىڭ كۆكسى بىز!...» دېگەن غەزەللەرنى ئۆگەتتىڭىز؟ مانا بۇلار پانتۈركىزمنى ياشلارغا سىڭدۈرۈشنىڭ نامايەندىلىرى ئەمەسمۇ؟

— سوراقچى ئەپەندىم! بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش بىر تۈركىي خەلق بولغىنىمىز ئۈچۈن شۇنام بىلەن، شۇنىڭدەك ئانا ۋەتىنىمىز بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز، بۇنىڭدىن تاندۇرۇشقا مۇمكىن ئەمەس!

سوراقچى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە «ئىپلاس!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە سۆزلەپ كەتتى.

— ئەبلەخ! ساڭا مەن ئىلمىي مۇئامىلە قىلسام نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ سەن ھازىر قايسى تۇپراقتا ياشاۋاتىسەن؟! سەن چوقۇم ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تۈركىيە ئارقىلىق ئارىمىزغا تاشلىغان ئاگېنتى! سەن شۇ ھەقتە مەسىلە تاپشۇرۇشۇڭ لازىم! سەن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلارغا نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭ! خوجايىنلىرىڭ نېمىلەرنى تاپشۇرغانىدى؟

— مەن ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كەلدىم. چۈنكى مەن ئۇشبۇ ۋەتەننىڭ ئوغلى! لېكىن مەن يۇرتۇمغا كېلىپ خەلقىمگە بىلىم ئۆگەتتىم ۋە ئۇلارنىڭ ئاقارتىش يولىدا ئىشلىدىم، مەن كەسكىن ھالدا شۇنى ئېيتىمەنكى، ۋەتەن ساتقۇچلۇق ۋىجدانسىز ئادەمنىڭ ئىشى، مەن بۇنداق ۋىجدانسىزلىقنى نومۇس دەپ بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا جاھانگىرلارنىڭ مالىيى بولغان خائىن مەھمۇت بىلەن بولغان ئالاقەڭنى ئېيتىپ بەر!

— بىز ئۇنى شىنجاڭدا زۇلۇم - زورلۇققا ئىبزىلىشكە قارشى قوزغىلىپ چىققان ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرى دەپ تونۇپ كەلگەن. ئۇ ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ قورال لىق قوشۇن قوماندانى سۈپىتى بىلەن قەشقەردە تۇرغان، شۇڭا بىز ئۇنى ھۆرمەتلىدۇق. ئۇ، مائارىپ ئۈچۈن كۈچ چىقارغانىدى، بىزلەرمۇ ئۇنىڭغا ماسلاشتۇق، بۈگۈن ئۇ چەتكە قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىۋاتىمىز، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

يۈسۈپ ئەپەندى ھۇشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ كامېردىكى ئۆيدە ياتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئاغزى بۇرنىدىن ئاققان قان كىيىملىرىنى بويىغان، بەدەنلىرى تاياقنىڭ زەربىسىدىن كۆكەرگەن، يۈز - كۆزلىرى ئىششىغانىدى.

سوراق بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى 50 نەچچە كۈندە 4 قېتىم سوراققا تارتىلدى، ھەر قېتىملىق سوراقتا سورايدىغىنى: «پانتۈركىستلىق»، «شىنجاڭدا تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇش»، «مەھمۇت سىجاڭغا باغلىنىش، ئەنگلىيە، ياپونىيە جاسۇسلىقى، مەھمۇت قاچقاندا قانداق تاپشۇرۇقلارنى بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ نىمە ئىشلارنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولغانلىقى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى، لېكىن ئەكس جاۋاب چىققاندا كۆك تاياق، يىلان قامچىلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇلاتتى، چىراغ پىيىغا چىقىرىپ قويۇپ سائەتلەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلاتتى، جىنسىي ئەزاسىغا ئاتنىڭ قىلىنى كىرگۈزەتتى، تۆمۈرنى قىزىتىپ بەدىنىگە ياقاتتى، تىرنىقى ئاستىغا مىقلار قېقىلاتتى....

مانا بۇ خىل دەھشەتلىك قىيناشلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئازابلايتتى، پەقەت ھۇشىدىن كەتكەندىن كېيىنلا كامېرغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويۇشاتتى.

دېمەك، يۈسۈپ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «جىنايىتىنى» تونۇۋالدى، ئۇنىڭ تۈركىيىگە بارغانلىقى، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇ يەردىكى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە ئالغان بىلىمى، بۇنىڭ بىلەن ئارقىدا قالغان خەلقىنى بىلىم ۋە يېڭىلىققا ئۈندىگەنلىكى بۇ مەدەنىيەت دۈشمەنلىرىگە ھەقىقەتەن ياقمىغان ئىش ئىدى.

1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يەنى يەكشەنبە كىرەر كېچىسى يېرىم كېچە بولغان بولسىمۇ، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆتكەن كېچىدىكى سوراقچىنىڭ يەتكۈزگەن ئازابلىرى ئازابلىماقتا. بەدەنىنىڭ ئاغرىقى ھەرەج قىلماقتا، بولۇپمۇ سەبدىشى ۋە دوستى مۇھەممەت ئېلى ئەپەندى «تەۋپىق» نىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۇنى قىينىماقتا ئىدى، ئۇنىڭ كېچىدىكى سوراققا تارتىلىش جەريانىدا، ياندىكى ئۆيدە چىقىرىلغان ئاۋاز، تارسىلداپ تېگىۋاتقان تاياقنىڭ ئاۋازى، دەھشەتلىك سوراقلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغاندا يۈسۈپ ئەپەندىمۇ چىداپ تۇرالمىغانىدى.

ئەتىگەن سائەت 2 بولغانىدى، جەنۇبىي تامدىن ئۇشتۇمتۇت ئوقنىڭ ئاۋازى ياڭراپ كەتتى، ئاز ئۆتمەيلا بۇ ئاۋاز كۆپىيىپ رەسمىي ئېتىشىۋازلىققا ئايلانغانىدى. يۈسۈپ ئەپەندى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن گاڭگىراپ قالدى، ئورنىدىن تۇردى-دە، كامىر ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ماراشقا باشلىدى، بىر دەمدىلا تۈرمىنىڭ ئىچى پاتپاراقچىلىققا ئايلاندى ۋە ئوپۇر - تويۇر مېڭىشلار كۆپەيدى، قايسىدۇر بىرى بۇ ئىشىك تەرەپكە كەلگەندە ئىشىكنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان چاسۋاي ئۇنىڭغا سالام بەردى:

— ھازىر يەكەندىكى باسمىچىلار باستۇرۇپ كېلىپ، جەنۇبتىكى ساڭنىڭ ئالدىدىكى دەرۋازا بىلەن شەرقتىكى «تۆشۈك» دەرۋازىنى ئىگىلىۋالدى، ھازىر ئۇلار ئالغا سىلجىپ دوتەي يامۇلىنى ئورىۋالدى، ئۇلار شىمال تەرەپكىمۇ سىلجىشى مۇمكىن، بۇ تۈرمە ئىنتايىن مۇھىم لاگىر، ئۇ يەرنى چوقۇم قوغداش لازىم، شۇڭلاشقا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئېغىر، مەۋلان خوجايىن: «بۇ تۈرمىنى ساقلاشتا ئۇيغۇر ساقچىلىرىغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، قىرغىزلار ساقلىشى لازىم» دېدى. يەنە: «ئادەم يېتىشمىسە ئىسھاقبېكنىڭ قىرغىز قوشۇنلىرىدىن يانا بىر تۈركۈم ئەسكەر يۆتكەپ كەلمەكچى، سەنمۇ ئۆز ئورنۇڭنى مۇستەھكەم ساقلاپ، بۈگۈن كېچە ناھايىتى ھوشيار تۇرۇشۇڭ كېرەك!»

يۈسۈپ ئەپەندى ئۇنىڭ قىرغىز ئەسكەر چاسۋايلىرىنىڭ قىرغىز بەنجاڭى ئىكەنلىكىنى بايقىدى-دە، ئەھۋالنى چۈشەندى.

مەھبۇسلارنىڭ بەختىگە يەكەندىكى 6 - دىۋىزىيىنىڭ ئىسيانچى قوشۇنلىرى (ئۇلار كەلگەندە ئاق دوپپا كىيگەنلىكى ئۈچۈن «ئاق دوپپىلىقلار»، بېلەكلىرىگە «خۇدانىڭ يولىدا» مەنىسىدىكى ئەرەبچە خەت يېزىلغان لاتا بېكىتىۋالغانلىقى ئۈچۈن «فى سەبىلۇللا» چىلار دەپ ئاتىلاتتى) 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەھەردە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار

خوتەندىكى ماخۇسەن بىلەن بىرلەشكەندى. بۇلاردىن بىر بىرىگادا تۆتتىن ئەسكەر، ئىككى پولك ئۇيغۇر ئەسكەر قەشقەر يېڭى شەھەرنى، بىر بىرىگادا تۆتتىن ئەسكەر بىلەن ئىككى پولك ئۇيغۇر ئەسكەر قەشقەر شەھىرىنى قورشىۋالدى.

دېمەك، خوتەندىكى 36 - دىۋىزىيە بىلەن ئۇيغۇر 6 - دىۋىزىيە قوشۇنلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ قوراللىق قوشۇن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا باستۇرۇپ كەلگەنىدى.

قەشقەر شەھىرىنى قوغدىغۇچى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى قارشى تەرەپنىڭ شەھەر ئىچىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى سائەتنىڭ ئالدىدىكى دەرۋازا ئۈستىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئۇخلاپ قېلىشى بىلەن جەنۇب ۋە شەرقتىكى 2 دەرۋازا ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن چاسا (تۆت كوچا) گۈزىرىدىكى ئاخۇنبايوفلار ئۆيىگە جايلاشقان، 34 - پولكتىن ئىبارەت بىر ئۇيغۇر پولكنى باستۇرۇپ كەلگەن تۇڭگانلار قورشىۋالغاچقا، ئۇلار تەسلىم بولۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۇيغۇر 32 - پولكىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ئالغا سىلجىپ، دوتەي يامۇلىنى قورشىۋالدى، دوتەي يامۇلى دەپ ئاتالغان ۋالىي مەھكىمە ئىچىدە ئامانلىقنى ساقلاشقا مەسئۇل خەنزۇ ئەسكەرلەر قەشقەر ۋالىيسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلارغا قارشى ھەرىكەتلەندى، پۈتۈن سېپىل بويلاپ ئېتىشىش باشلاندى، ئوت يۇمىلاق شەھەرگە ئۆتۈشتى، دەھشەتلىك ئېلىشىش بىلەن، ئالەمنى ئوق ئاۋازى قاپلىدى.

يۈسۈپ ئەپەندى مەھمۇت سىجاڭنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانچى قوشۇنلىرىنىڭ يەكەندىن باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىشى تۈرمىلەردىكى مەھبۇسلار ئۈچۈن نىجاتلىق دەپ قارىدى. چۈنكى ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرى 6 - دىۋىزىيە ئەسكەرلىرى 3 يىللىق ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا، ئۇلاردا قابىلىيەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئۈستۈن ئىدى.

يۈسۈپ ئەپەندى كېچىنى ئويغاق ئۆتكۈزدى. تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئوق ئاۋازى شەرقتىن، شىمالدىن، غەربتىن كېلىشكە باشلىدى. ئىسيانچى قوشۇ[ن] تېرەكلىكتىكى بۇ تۈرمىنى 3 تەرەپلە[پ] قورشىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈرمە ئىچ[ى] قالايمىقانلاشتى - دە، خەنزۇ، قىرغىز قوراللى[ق] قىسىملىرى، شىمالدىكى تۈمەن دەريا بويىنى دال[دا] قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرمىنى قوغدىماقتا ئىدى.

دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېگىزلىك تۈرمە قوغدىغۇچىلارنى باش كۆتۈرگۈزمەس قوغدىغۇچىلارمۇ جەنۇبتىكى سېپىلنىڭ ئۈستىد[ە] تۇرۇپ قارشى تەرەپنىڭ ئالغا سىلجىشىنى توساتتى.

ئوقلار ۋىژىلداپ تۈرمە ئاسمىنى ئۈستىدە ئۇچۇ[پ] يۈرەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرراسى، خەنزۇلارنى[ڭ] ساسى، قىرغىزلارنىڭ قاقۋى سۈرەنلىر[ى] ئالەمنى بىر ئالغانىدى. مەھبۇسلار كامىرلارنى[ڭ] ئىچىدە ئامالسىز ئولتۇرۇشاتتى. ئىشىك ئالدىدىك[ى] قوراللىقلارنىڭ «كىمكى مىدىرلايدىكەن ئاتىمىز!» دېگەن ھەيۋىسى ئۇلارنى بېسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭسىز[مۇ] ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىدىكى كىشەنلەر ئۇلارنى[ڭ] ئامالسىز قىلىپ قويغانىدى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يەكشەنبە سەھەردىن چا[ش] ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىككى تەرەپنى[ڭ] سوقۇشى قاتتىق داۋام قىلدى، ھەر 2 تەرەپ جا[ن] تىكىپ ئېلىشتى، لېكىن سېپىلنىڭ شەرقىدىكى جا[ي] قورغان پوتىيىدىن كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغى[غا] ئىسيانچىلار قوشۇنىنىڭ قاتتىق ئوقىغا تۇتۇشى بىلە[ن] يارباغ دەرۋازا ئۈستىدىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىر[ى] غەربكە چېكىندى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان دەريا بويى[غا] جايلاشقان «ئاق دوپپىلىقلار» ھۇجۇم بىلەن دە[ر] لېۋىنى تارتىۋالغانىدى.

تۈرمە ئەتراپى خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقتىن ئۆرۈشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ساقچى ئىدارىسىنى[ڭ] باشلىقى ئابدۇقادىر ھاجى بىر بۆلۈك قورالل[ىق] كىشىلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە بۇ جايدىن چېكىنىپ يارباغ دەرۋازا سېپىلى ئارقىلىق يۇمىلاق شەھەر قورغىنى[غا] چېكىندى.

ئىسيانچىلار قوشۇنىنىڭ تۈرمە ئەتراپى[غا] سىلجىپ كېلىشى، مەھبۇسلارغا ئەمدى قۇتۇلۇش

يۈلتۈزىنى چاقناتقان بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ دەھشەتلىك قارا بۇلۇتلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئەگىمەكتە ئىدى.

بۇ قارا بۇلۇتلار كامىرلار ئۈستىگە يېيىلدى. ئىشىكلەر جالاقلاپ ئېچىلىشقا باشلىدى.

مەھبۇسلار ئۆزلىرىنى بۇ قارا بالالار ھەيدەپ چىقىشقا باشلىغاندا پۈتلىرىدىكى ئېغىر ئىشكەللەرنى سۆرەپ ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ كامىر ئالدىدىكى سەيناغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. لېكىن ۋەھشىي قارانچۇقلار ئۇلارنى تېز مېڭىشقا بۇيرۇيتتى. ماڭالمىغانلىرىنىڭ گەجگىلىرىگە مىلتىقنىڭ قوزىقى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋېتەتتى. قوپالمىغانلارنى مىلتىقنىڭ سۇنگۇ (نەيزە) سى بىلەن سانجىپ سۆرەيتتى...

تۇرمە ئىچىنى قىيا - چىيا ئاۋاز قاپلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىچارە مەھبۇسلار ئىشنىڭ قانداقلىقىنى ئەمدى چۈشەندى-دە، بىر - بىرى بىلەن ۋىدالىشىشقا باشلىدى.

مەھبۇسلار سەينا ئالدىدىكى ئورەكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاياغلاردىكى كىشەنلەرنىڭ جالدىرلاشلىرى بېسىقتى، ئازگالغا كۆزلىرى چۈشتى. بەدەنلىرى جۇغۇلدىدى، ۋۇجۇدى شۈركەندى. چۈنكى ئۇ يەردە دەھشەتلىك ئۆلۈم ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.

يۈسۈپ ئەپەندى ئەتراپىغا قاراپ، ئۇدۇلدا تۇرغان دوستى، مۇھەممەت ئېلى ئەپەندىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەسرەتلىك تىكىلدى. بۇ تىكىلىش ئۇنىڭ بىلەن ئاداققى ۋىدالىشىش بولغانىدى.

مەھبۇسلارنىڭ ئۇدۇلىدا ساقچى ئەمەلدارلىرىدىن ئابدۇقادىر ھاجى، ئوبۇلقاسىم، غوجايۈسۈپ (ئۆزبېك)، تۇرسۇن مەخسۇم، مەۋلانوف (قىرغىز)... لار قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن رەھىم - شەپقەت ئەمەس بەلكى ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى.

مەھبۇسلار ئازگال ئالدىغا نەچچە سەپ بولۇپ تىزىلغاندا ساقچى ئەمەلدارلىرىدىن دوغىلاقچىنە كەلگەن بىرى مەھبۇسلارغا قاراپ ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا تاپانچا، يېنىدا سوۋېت قىلىچى بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى.

— خەلق دۈشمەنلىرى! بىلىڭلاركى بىز سەنلەردەك دۈشمەنلەرنى ھەرگىزمۇ دۈشمەن قولىغا تاشلاپ بەرمەيمىز. بۈگۈن دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلار سەنلەرنىڭ تىرىكىڭلارغا ئەمەس ھەتتا ئۆلۈكۈڭلارغىمۇ ئىگە بولالمايدۇ، پەقەت كۆيگەن كۈلۈڭلارغىلا ئىگە بولىدۇ خالاس!..

مەھبۇسلارنىڭ كەينىدە ساقچىلار مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ ئۇلارنى ئوراپ تۇرۇشاتتى. مەھبۇسلار يەنە بىر قېتىم ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ بىر - بىرى بىلەن ۋىدالاشتى.

گەرچە ئەھۋال شۇقەدەر جىددىي بولسىمۇ، مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدىن دوغىلاقچىنە، ئوتتۇرا ياشلىق بىر يىگىت بىلەن ئېگىز ۋە ئورۇقچىنە كەلگەن بىر كىشى سەپنى يېرىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا قورقۇش دېگەندىن ئەسەر يوق ئىدى. بەلكى كۆز چاناقلىرىدا ئوت لاۋۇلدايتتى. بۇلار يۈسۈپ ئەپەندى بىلەن مۇھەممەدئېلى ئەپەندى ئىدى.

— ئىپلاسلار! سەنلەر بىزنى قىرىپ تاشلىماقچىمۇ؟

— سىلەر يۇرتنى قانغا بويىماقچى، بىزنى يوقاتماقچى، لېكىن بۇ يوقىتىش بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ، ئەۋلات ھامان بىر كۈنى سەنلەردىن ھېساب ئالىدۇ!

ئۇلارنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا ۋاڭىلداپ چىققان 2 تال ئوق بۇ ئىككەيلەننىڭ كۆكسىگە تەگكەنىدى. ئارقىدىنلا پىلىمۇتنىڭ ياۋۇز ئاۋازى ياڭرىدى، مەھبۇسلار ئالدىلىرىدىكى ئازگالغا بىر - بىرلەپ يىقىلدى.

ئىسيانچىلار تۇرمە ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئازگالنىڭ ئىچى ئوتقا تولغانىدى. ئوت ئەلەنگۈ ئۇرۇپ كۆيۈۋاتاتتى. ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ئىنسانلارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازلىرى ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېتىپ تاشلانغانلارنىڭ ئۈستىگە چېچىلغان بېنزىننىڭ ئوقتىن چىققان يالقۇنىنىڭ كىيىملەرگە تۇتۇشىشى نەتىجىسىدە شارارە تارتىپ كۆيۈشى، ئىسيانچىلارنى ئەپسۇسلاندۇردى. ۋاقىتنىڭ كېچىكىشى بىلەن ئىشنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇلار ئوتنى تېز

www.uyghurkitap.com

ئۆچۈرۈۋالغان بولسىمۇ، مەھبۇسلارنىڭ تېنى چۆچۈلىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. بىر - بىرنىڭ ئۈستىگە يىقىلغان گەۋدىلەرنىڭ بېسىمى، پۇت - قولدىكى كىشەننىڭ توسالغۇسى بىلەن ئاستىدىكىلەرمۇ قىمىرلىيالماي كۆيۈپ چۆچۈلا بولۇپ كەتكەنىدى. پەقەت ئۆلۈكلەرنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىپ ئېسەن قالغان ئەخمەتجان قارى④، ھەسەن ئاخۇن⑤ قاتارلىق تۆت كىشى قۇتقۇزۇپ قېلىنغانىدى.

بىچارە مەھبۇسلارنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالى ئىسيانچىلارغا، شۇنىڭدەك خەۋپ - خەتەرگە قارىماي تۈرمىدىكى قاياشلىرىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرگىمۇ قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. ئاز ئۆتمەي ئەتراپتىكى كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى.

ئۇلار ئازگالدىن ئۆلۈكلەرنى بىر - بىرلەپ تارتىپ ئالغاندا، جەسەتلەر كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن بولۇپ، شىمالدىكى تۇمەن دەرياسى تەرەپتىن كېلىپ تۇرغان غۇر - غۇر شامال بىلەن كاۋاپ بولغان ئادەم گۆشىنىڭ ھىدى ئالەمنى بىر ئالغانىدى.

بۇ پاجىئە توپلانغان ئىسيانچىلارغا ئاجايىپ ئەكس تەسىر كۆرسەتتى. ئۆزىنى خەلقچى دەپ ئاتىۋالغان ئىنسانلاردىن كەلگەن بۇ ۋەھشىيلىكنى كۆرگەنلەر ئۇلارغا قاتتىق لەنەت ياغدۇردى.

ئۆلۈك ئىگىلىرى قاياشلىرىنى تونۇيالمىدى. چۈنكى ھەممە ئەزا چۆچۈلىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت بەزى بەلگىلەرگىلا قاراپ قېرىنداشلىرىنى تونۇۋېلىشاتتى.

يېقىنلىرى ئۆلگەن كىشىلەر تۈرمە كامېرلىرىغا كىرىپ كامىر تاملىرىغا چالما بىلەن يېزىلغان خەت، شېئىرلارنى ئۇچراتتى. ئۇلارنى ئوقۇغاندا يۈرەكلىرى ئېرىپ سۇ بولۇپ كەتكەندەك بولاتتى. بولۇپمۇ يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ تامغا يازغان شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ دىلىنى قاتتىق ئەزگەنىدى.

ئەزگۈچىلەر ئالدىدا بويۇن ئەگمىدىم،
ئەگمىگىم مەن ئۇچۇن كاتتا نومۇس دەپ.
تارتسامۇ دەرت - ئەلەم تىزنى پۈكمىدىم،
يۈرمىدىم ئۆلۈمچۈن ھەرگىز ئەپسۇس يەپ.

چۈنكى مەن ھامان بىركۈنى ئۆلىمەن،
بۇ ئۆلۈم كۈتكەنتى نۇرغۇن ئەجداتنى.
دېدىم مەن مەنمۇ ھەم بىرى بولىمەن،
كېتىمەن قالدۇرۇپ زوققا ئەۋلاتنى.

مەن ئىدىم جاھاندا ئۇيغۇر ئەۋلادى،
قىلمايمەن پەخرىمنى شۇڭا دەپسەندە.
ساقلايدۇ شۇ شەرەپنى يۇرتنىڭ ئەۋارى⑥
مەرت كىشى نامەرتكە بولمايدۇ بەندە.
مەرتلەرچە كەلگەندە ئۆلۈم بۇ باشقا،
ۋاي دېمەك ئالەمدە نامەرتنىڭ ئىشى.
ئەگمەيدۇ بېلىنى يىگىت شۇڭلاشقا،
كەتسىمۇ ھەقچۈن سۆيۈملۈك بېشى.

يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ قاياشلىرى تۈرمىنىڭ ئازا
بولغانلىقىنى ئاڭلاپ شەھەر سىپىلىنى بويلاپ
ئېتىشماق بولۇۋاتقانلىقىغا قارىماي تۈرمە تەرەپك
قاراپ چاپتى. دەل شۇ چاغدا ئىسيانچىلار بىلەن
يۇمىلاق شەھەر قەلئەسىدىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى
قاتتىق ئېتىشىۋاتاتتى. ئوقلار ۋاشىلداپ باشلاردى
ھالقىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇلار دالدىلار بويلاپ مېڭى
تۈرمە ئىچىگە يېتىپ كەلدى-دە، ئازگالنىڭ قاشلىرى
قاتار ياتقۇزۇپ قويۇلغان قاپقارا جەسەتلەرنى
ئاختۇرۇشتى. پەقەت يۈزىنىڭ ئۇزۇنچاقلىقى
گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۈستى چىشىنى
ئۆسكۈلەڭگۈلىكى بىلەن يۈسۈپ ئەپەندىنى
جەسىتىنى تونۇشقاندا ئىسيانچىلار قوشۇنىدىكى بى
جەڭچى ئۇنى باغرىغا باستى ۋە ئۇستازىم! دە
توۋلىۋەتتى.

ئۇ جەڭچى بورۇن مەرھۇم يۈسۈپ ئەپەند
ئوقۇپ تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇنى بۈگۈن بۇ خە
دەھشەتلىك ئۆلۈم بىلەن كۆرۈپ كۆزلىرىدىن يا
مۇنچاقلاپ ئاققانىدى.

ئۇ ئەجەپ پەخىرلىك ئۆتتى دۇنيادىن،
ئاققۇزۇپ قېنىنى شانلىق «دەريا» دىن.
زالىملار قولىدا تۆكۈلدى قېنى،
ئايرىلدى تېنىدىن پولاتتەك جېنى.

تاتىلداپ تەگكەندە ۋەھشىيلەر ئوقى،
توختىدى ئېقىشتىن ھايات بۇلىقى.
يەتمىدى ھاياتتا ئىستەك - ئارمانغا،
شۇم پەلەك ئاقىۋەت سالدى ھىجرانغا.

يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ تۇغقانلىرى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ تۇرمە لاگىرىدىن چىقىشتى-دە، شەھەر ئىچى تەرەپكە قايرىلدى. ئۇنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى بولمىغانلىقتىن، ئاسىرىۋالغان سۆيۈملۈك بالىسى چوكىلات «ۋاي دادام» دەپ يىغلاپ مېڭىۋاتاتتى. بۇلار شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئەگمىسىدىن كىرىشكە غەرب تەرەپتىن ۋاڭىلداپ كەلگەن بىر ئوق چوكىلاتنىڭ مېڭىسىگە تەگدى-دە، يەرگە يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەت ئەمىن ئابدۇرەھىمى تاغىسىدىن ئايرىلغانىنىڭ ئۈستىگە تاغىسىنىڭ سۆيۈملۈك بالىسىدىنمۇ ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلىك مۇشتىنى تۈگدى.

— ھۇ زالىملار! — دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ چارە يوق ئىدى. سېپىل ئۈستىدىن يەنە كېلىدىغان خەۋپ ئۇنى باستى-دە، 12 ياشلىق چوكىلاتنى باغرىغا بېسىپ ئۆلۈكنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى پەيدا قىلغان بۇ قانلىق تراگېدىيىلەر 20 ياشلىق مۇھەممەت ئىمىنگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەچكە، ۋەھشىيلەرگە چىن يۈرىكىدىن لەنەت ياغدۇراتتى. بۇ خىل غەزەپ - نەپرەت ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۆزۈن كۈن كۆرسەتمىدى. تاغىسى يۈسۈپ ئەپەندىدىن كېيىن پەقەت ئۈچ يېرىم ئايلا ئۆمۈر كۆرۈپ، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەشئۇملار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ياش ھاياتى تۇرمە دەھشىتىدە كۈلگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئانىسى زۆھرەخان ئاچا ئاكىسى يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ پىراقىدا كۆيۈۋاتقاندا بىرگىنە سۆيۈملۈك ئوغلىدىنمۇ ئايرىلىپ، ئىككەيلەنىنىڭ پىراقىدا تولا يىغلاپ، ئۆزۈن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

①تېرەكلىك — ھازىرقى قەشقەر شەھەر يارباغ «سەمەن يولى» ۋىلايەتلىك ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتى جايلاشقان ئورۇن. 1960 - يىللارغىچە بۇ جاي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنى قىلىنغان.
② سەڭگى — تاش، بۇ يەردە قەبرىگە قويۇلغان تاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ مەھزۇن — قايغۇ، قايغۇرۇش.
④ ئەخمەتجان قارى — نوبېشى مەكتەپنىڭ دىن دەرسى ئوقۇتقۇچىسى، قەشقەر شەھەر ئېگىز ئېرىق بېشىدىن.
⑤ ھەسەن ئاخۇن — نوبېشى مەكتەپ لاۋازىمەتچىسى، قەشقەر شامالباغ يېزىسىدىن
⑥ ئەۋار — يەككە - يىگانە

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

---

(بېشى 3 - بەتتە)

ئائىت مول ماتېرىياللار ساقلانغان. «توققۇز ئىقلىم تەزكىرىسى»، «خەننامە. ئاسترونومىيە تەزكىرىسى»، «مەۋجۇداتلار تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردا مەخسۇس تەبىئىي پەنگە ئائىت ماتېرىياللار ۋە مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. ھازىرقى زامان تەبىئىي پەنلىرى جەھەتتە ئاددىيلا خاتىرىلەر بىلەن قانائەت ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددىي جىسىملارنىڭ ھالىتى، تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيىتى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە پەرق ئېتىش ئۈچۈن تەبىئىي پەننىڭ ھەرقايسى مەخسۇس ساھەلىرىگە دائىر بىلىملەرنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ، تەزكىرىچىلىكنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى تەبىئىي پەن ساھەسىگە كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەزكىرىچىلىك بىلەن تۈرلۈك پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: 1) تەزكىرىچىلىك بىلەن تۈرلۈك پەنلەر ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار. ئۇلار بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. 2) تەزكىرىچىلىكتە يېڭىچە تۈزۈلگەن تەزكىرىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر يېڭى ئەھۋاللارنى بىلىش، يېڭى ماتېرىياللارنى توپلاش، يېڭى كۆزقاراشلارنى قوللىنىش ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش لازىم.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# «تەكلىپنامە»گە ئۇرۇلغان كىشەن

## قاۋۇل ساۋۇر

(قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

1947 - يىل 25 - ئىيۇل رامىزاننىڭ 7 - كۈنى گۈگۈم ۋاقتى. گومىنداڭ قاغىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ بېغىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ئىپتارلىق زىياپەت» سورۇنىغا ھاكىم ئابدۇلئەھەت خېلىلوفنىڭ نامىدا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مائارىپچىلار، سودا - سانائەتچىلەر، بەگ - باۋجاڭلار، قىسقىسى، ھەر ساھەدىن بولۇپ 100 چە كىشى يىغىلماقتا ئىدى. ئەنە شۇ مېھمانلارنىڭ بىرى بولغان ئەينى ۋاقىتتىكى «ئانار بازىرى» مەكتەپنىڭ مۇدىرى سىدىق بارات تەرەپ - تەرەپكە قويۇلغان قوراللىق «مۇھاپىزەتچى» لەرنى كۆرۈپ، بۈگۈنكى جۈمەلىك ئىپتارنىڭ سىرلىق پەردىسى كەينىدە بىرخىل قاباھەت كۆلەڭگۈسىنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى تۇيغاندەك بولدى. ئۇ، مېھمانلار تولۇق يىغىلغىچە ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ھاكىم خېلىلوف چىرايى تۇتۇلغان ھالدا ئىككى كىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. خېلىلوف سىدىق باراتنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، سىدىق باراتنى يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرى ھېسابلايتتى. سىدىق بارات ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگىنىچە: «خېلىلوف، بۇ...؟» دېدى. خېلىلوف ئۈندىمەستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇق كىچىك تىندى. بۇنىڭدىن خېلىلوفنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى، گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى دائىرىلىرى خۇپىيانە پىلانلىغان مەلۇم بىر رەزىللىكنىڭ مۇقەررەرلىشىپ قالغانلىقى ئايان بولدى. بۇ يازلىق تەتىل مەزگىلى بولۇپ، «ئانار بازىرى» مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىۋاتاتتى. كۇرسنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، گومىنداڭ ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۈي جىجۇڭ بۇندىن 10 كۈن ئىلگىرى مەكتەپ دەرۋازىسىغا كېچە - كۈندۈز پوس قويۇشقا باشلىغانىدى. 1946 - يىلدىن باشلاپ مىللىي ئىنقىلاب سېپىگە ئاتلانغان سىدىق بارات ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى «زىياپەت» تە زاكۇسكا قىلىنىدىغانلىقىنى شۇئان جەزىملەشتۈردى - دە، يېنىدىكى 13 سەر تەڭگىسىنى بالا - چاقىلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى جېكىلەپ، مېھمان تۇرسۇن دېگەن كىشىگە بەردى. مېھمان تۇرسۇننىڭ تۇتقۇن قىلىنىش ئېھتىمالى يوق ئىدى. چۈنكى مەككارلىقتا ئۇچىغا چىققان سۈي جىجۇڭ (ئۇيغۇرچە قويۇۋالغان ئىسمى سۇلايمان) گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، «ئىپتار» غا تۇتقۇن قىلىنىدىغانلار بىلەن تۇتقۇن قىلىنمايدىغانلارنى ئارىلاشتۇرۇپ چاقىرغانىدى. ئىپتارلىق غىزانىڭ تەييارلىنىشى تولىمۇ ھەيران قالارلىق بولۇپ، بىر تەرىپى ئۈزۈم بارىڭى، ئىككى تەرىپى قويۇق دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان زىياپەت مەيدانىدىكى شىرەلەرگە باشتىن - ئاياغ ئۆپكە - ھېسىپلار تىزىلغانىدى. شۇنچە كۆپ ئۆپكە - ھېسىپلارنى كىملەرنىڭ قۇيغانلىقى ۋە قانداق قۇيۇپ بولغانلىقى تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى.

«زىياپەت» باشلاندى. گومىنداڭ 4 - بىرىگادا 2 - پولك 3 - باتالىيوننىڭ كوماندىرى چى بىلەن لياڭ فامىلىلىك تەرجىمان كىرىپ كەلدى. ئۇلار زىياپەت مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۈستەل - ئورۇندۇق قويۇپ، بىرىگادا كوماندىرى تاڭ جىگرېننى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. تاڭ جىگرېن كۆپچىلىككە سۇرلۇك قىياپەتتە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، مۇغەمبەرلەرچە تەبەسسۇم بىلەن سۆز باشلىدى:

— كۆپچىلىك، سىلەر ناھىيە بازىرىدىكى ئوردا كۆلىنى ياخشى بىلىسىلەر. ھازىر ئۇ كۆلدە يۇقۇملۇق كېسەل مىكروبلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا تازىلىمىساق، بازار ئاھالىسى ئىچىدە كېسەللىك يامراپ كېتىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سورۇن ئەھلى ئۆز ئارا جاۋاب ئىزدەۋاتقاندەك بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

— يىتىملىقۇم باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇل رېشىت قۇددۇس جاۋابەن سۆز ئالدى:

— جانابلىرى، مىكروپنى تازىلايمىز دېسەك، مىكروپ پەيدا قىلمايدىغان مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇنداق مۇھىت يارىتىلدى. بىز بولساق نە ھالدا تۇرۇۋاتىمىز؟ ھېچقانداق تەرەققىيات بولمىسا، بۇنداق بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە مىكروپ پەيدا بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

تاڭ جىگرېن ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى - دە:

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

— بۇ قانداق زىياپەت؟ ئۆپكە - ھېسىپتىن باشقا نەرسە بولمىسا.

— بەلكىم يەنە ئاتاپ قويغىنى باردۇ؟

— بار ئوخشايدۇ، تېخىمۇ ئاچچىق - چۈچۈكلىرى باردەك قىلىدۇ.

سورۇن ئەھلىنىڭ گۇمان ۋە تەشۋىشلىك پىچىرلاشلىرى قۇلاقنى يارغۇدەك بىر پۈشتەك ئاۋازى بىلەن جىمىپ كەتتى.

— «ھەممىڭ قولۇڭنى شىرەگە قوي!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئەتراپتىكى ئۆزۈم بارىڭى ۋە دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن نەچچە يۈزلىگەن مىلتىق، پىلىموتلارنىڭ ستۋوللىرى كۆرۈندى، تۇتقۇن قىلىش باشلاندى. «ئانار بازىرى» مەكتەپتىن سىدىق بارات، مامۇت توختى، نامەت ئىسلام، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى (ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان) ئىسھاقجان، دوختۇر ئابدۇغوپۇرجان، ئوقۇتقۇچى مۇسا ئىبراھىم قاتارلىق 13 كىشىنىڭ ئىسمى بىر - بىرلەپ ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ، قوراللىق ھەربىي ۋە ساقچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ، قوللىرىنى باغلاپ، بىر - بىرىگە چېتىپ، باغنىڭ ئىچكىرىسى بىلەن ئاشلىق ئامبىرى (ھازىرقى ئاشلىق ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قوروسىنىڭ ئورنى) غا ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنى ئوڭ تەرەپكە ئېلىپ ماڭسا، گومىنتۇەنگە ( 国民团 )، سول تەرەپكە ئېلىپ ماڭسا، بىرىگادا شتابىغا ئاپىرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى، سول تەرەپكە قايرىلىپ، بىرىگادا شتابىغا ئېلىپ ماڭدى.

شتاب دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئابدۇغوپۇرجان، ھېبىبۇللا مويدىن، مۇسا ئىبراھىملارنى شتاب تۈرمىسىگە ئەكىرىپ كەتتى. قالغان ئون كىشىنى تاغارغا سولاپ، ھارۋىغا بېسىپ، باتالىيون شتابى (ھازىرقى تۇرۇبا سۈيى شىركىتىنىڭ ئورنى) غا ئەپكەلدى. بۇ جاي ئەسلىدە يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ قورۇسى ئىدى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى كۆكتات ئامبىرى قىلىنغان قاپقاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىگە تاشلاندى. بۇ ئۆينىڭ تورۇسى تولىمۇ پەس بولۇپ، ئۆرە تۇرغىلى بولمايتتى. باۋۇدۇن ئابدۇللا ئىسىملىك تۇتقۇن تاغاردىن بېشىنى چىقىرىپلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، تورۇسقا ئۇسۇپ بېشىنى يېرىۋالدى، 2 كۈندىن كېيىن قۇلناغىدىن ئىككى ئادەمنى ئەكىلىپ تاشلىدى. بىرسىنىڭ ئىسمى «ھاشىم تۈەنجاڭ»، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ھەسەنبەگ بولۇپ، سوراقتا مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار «بەشكەنت تاغ» دا ئازكەم 300 قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، گومىنداڭغا قارشى تۇرغانىكەن. بەش كۈندىن كېيىن ھاشىم خۇيجاڭ بىلەن تۆردى قارىبەگنى تۇتۇپ كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ زىنداندىكىلەر 14 كىشىگە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر - بىرىدىن مۇھىم ئۈچ كىشى بار ئىدى. تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قىسىملىرى 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاغىلىقنى ئازاد قىلغاندىن باشلاپ، 1946 - يىل 6 - ئايدا «11 بىتىم» سەۋەبىدىن قورال تاپشۇرغانغا قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ھاشىم خۇيجاڭ قاغىلىق ئۇيغۇر پولكىنىڭ كوماندىرى، قەشقەر، پوسكام، قاغىلىق بىرلەشمە ئۇيغۇر پولكىنىڭ كوماندىرى، 2 - بىرىگادىنىڭ كوماندىرى، تۆردى قارىبەگ قاغىلىق ئۇيغۇر پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان 16 - پولكىنىڭ كوماندىرى، ئىسھاقجان تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قىسىملىرى تەيىنلىگەن قاغىلىق ۋالىيسى ساۋۇت قارىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قىسىملىرى قوماندانلىق باش شتابىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى مەسئۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك ئىدى.

جاڭ فاگۇەن ئىسىملىك سوراقچى 14 كىشىنى نۆۋەت بىلەن ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلاتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرىگادا شتابىغا قامالغانلارنىڭ ئارىلىقىدا توختىماي قاتراپ، يىپ ئۇچى ئىزدەيتتى. سوراق قىلىش 1948 - يىل 8 - ئايغىچە داۋاملاشتى. سوراق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەر ئاستى ئۆيىدىن يەر ئۈستىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە يۆتكىدى. پەقەت شۇ چاغدىلا مەھبۇسلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئېلىپ كەلگەن تاماقلارنى ئېلىشقا يول قويىدىغان بولدى. بىراق ئەكسىيەتچىلەر كۈتۈلمىگەن بىر شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىر كۈنى ئۇلار «سىبىلىس كېسىلى تارقالدى» دېگەن نەيرەڭ بىلەن مەھبۇسلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ ئوكۇل ئۇرۇشقا باشلىدى. بىرىنچى نۆۋەتتە مامۇت توختى دېگەن كىشىگە ئوكۇل سېلىندى. ئۇ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، يەنە بىرەيلەننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاللىقاچان ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغان ئىسھاقجان بىردىنلا يىغلاپ تاشلىدى. باشقىلار بۇ قەيسەر ئادەمنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ، بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئىسھاقجان ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇۋاتقاندا، شېڭ شىسەي گۇمانلىق دەپ قارىغان بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى تۈرمىگە تاشلىدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، تۈرمە دائىرىلىرى ئىككى ئەر - خوتۇن رۇس دوختۇرنى باشلاپ كىردى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا ئوكۇل سېلىشتىن ئىلگىرى ھېلىقى ئايال دوختۇر «بۇ بالا كىچىككەن، ئائىلە ئىشلىرىمنى قىلسۇن» دەپ ئىسھاقجاننى ئايرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسھاقجان ئۇلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىللە بولۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئوكۇل بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كەسىپ قىلغان جاللاتلار ئىكەنلىكىنى، شۇ قېتىمقى ئوكۇل سېلىشتىمۇ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. كۆپچىلىك ئىسھاقجاننىڭ بايىقى كۆز يېشىنىڭ دەل ئاشۇ ئەسلىمە بىلەن كۆز ئالدىدىكى دەھشەتلىك رېئاللىقنى باغلاپ چۈشىنىشنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىردەك سۈكۈتكە چۆمدى. ناھايەت، ئىسھاقجاننىڭ قىياسى ئىسپاتلاندى. بۇ قېتىمقى ئوكۇل سېلىش نەتىجىسىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق قىساس ئوبيېكتلىرىدىن بولغان ھاشىم خوجاك بىلەن تۇردى قاربەگ ئۆلتۈرۈلدى، روشەنكى، باشقا مەھبۇسلارغا سېلىنغىنى زەھەرسىز ئوكۇل، مىللىي ئىنقىلابنىڭ بۇ ئىككى پېشۋاسىغا سېلىنغىنى بولسا جان ئالىدىغان زەھەرلىك ئوكۇل ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ يارامىلىق ئىككى سەپدىشى ۋە ئۇستازىدىن ئايرىلغان 12 كىشىدىن ئىسھاقجان، سىدىق بارات، يۈسۈپ ھوشۇر، ھەسەن يۈسۈپ، نامەت ئىسلام، ئايۇپ مۇھەممەتلەر 1949 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك قورچاق ساقچى تۈرمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئابدۇرېھىم ھېيىت بىلەن باۋۇدۇن ئابدۇللا باغچا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا، سابىتوف، ئوسمان ئەلى قاتارلىق 5 كىشى گومىنداڭ ناھىيىلىك داڭبۇنىڭ شۇجىجاڭى قاسىمبەگ (خەنزۇچە ئىسمى ماشىڭمۇ) نىڭ خۇسۇسىي موخوركا زاۋۇتىغا ئەمگەككە تۇتۇپ بېرىلدى.

بىرىنگادا شتابىغا قامالغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەتەرلىك ۋە گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى باتالىيون شتابىغا قامالغانلاردىن خېلىلا كۆپ ئىدى. 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇلارنىڭ قېرى، ئاجىز، كېسەلچانلىرىنى قويۇۋېتىپ، ياش، بېجىرىم، كۈچلۈكلىرىنى تاشقورغان پارتىزانلىرى تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلگەن يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى ياساش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. ئۇلار قاماقتىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىرىنگادا تۈرمىدىكىلەرگە 80 يۈەندىن پۇل تارقىتىپ بەردى. بۇ پۇلغا بىر كىلوگرام گۆش سېتىۋالغىلى بولاتتى. تۇتقۇنلاردىن كىمدۇر بىرسى ئۆزىگە تارقىتىلغان پۇلنى رەت قىلدى. پۇل تارقاتقۇچى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ: «مەن ئەمدى ئەخمەق ئەمەس. ئىپتاردا قاقتەك بىر پارچە ئۆپكىنى يەپ قويغىنىمغا 80 نەچچە كۈندىن بېرى قامىلىپ ياتتىم، 80 يۈەننى ئالسام، تۈرمىدە سېسىپ كېتىشىم مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «مېھمان» چاقىرىپ ئادەم تۇتقۇن قىلىشتەك نامەرتلىكىگە قارىتىلغان ئاچچىق مەسخىرە ئىدى.

بۇ ماتېرىيال سىدىق بارات، ئابدۇغوپۇرجان، مۇسا ئىبراھىملارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن رەتلەندى.

(«قاغىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - سانىدىن ئېلىندى)

## مۇشتەرى بولۇڭ، ماقالە ئەۋەتىڭ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: ژۇرنىلىمىز 1999 - يىللىق 3 - سانىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش نومۇر بىلەن تارقىتىلىشقا باشلىغاندىن باشلاپ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەھرىر بۆلۈمىمىز 21 - ئەسىردە ژۇرنال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتورلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنى باشقىلارغا تېخىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىش، ماقالە ئەۋەتىش، ياخشى ماقالە ۋە تەرجىمە ماقالىلارنى تەۋسىيە قىلىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇش ۋاقتى چەكلەنمەيدۇ. كېچىكىپ مۇشتەرى بولغۇچىلارغا ئالدىنقى سانلىرى تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ يىللىق باھاسى 12.00 يۈەن، ھەربىر ساننىڭ پارچە باھاسى 3.00 يۈەن. تالون تەلەپ قىلغۇچىلارغا تالون ئەۋەتىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنخۇ يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

پوچتا نومۇرى: 830063 تېلېفون نومۇرى: 4640715

ئادرېسىمىزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى: 乌鲁木齐市南湖路西一巷 7 号 《新疆地方志》维编部

# يەكەننىڭ بىر مەزگىللىك ھاۋا قاتنىشى

(ئەسلىمە)

## ياقۇپ ئەمەت، ياك يۇساك

ھازىر ناھىيىمىزدە كىشىلەر ئۈرۈمچىگە بارماقچى بولسا، كۆپىنچە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدۇ. جىددىي ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن يەكەندىكى ئاۋىئاتسىيە يول كۆرسىتىش پونكىتىنىڭ بىلەت سېتىش ئورنىغا بېرىپ بىلەت زاكاز قىلىدۇ، ئاندىن قەشقەرگە بېرىپ رەسمىيەت بېجىرىپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە باربدۇ. چۈنكى يەكەندە ئايروپىلان ئىستانسىسى يوق.

لېكىن تارىختا يەكەندە بىر ئايروپىلان ئىستانسىسى بار ئىدى. 1933 - يىلى شاھ مەنسۇر خوتەن، يەكەن، قەشقەرلەردە شېڭ شىسەيگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە گەنسۇدىن شىنجاڭغا كىرگەن ماجۇڭيىڭ قەشقەر، يەكەنلەردىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرىدۇ. ماجۇڭيىڭ ھەربىي ھوقۇقنى ماخۇسەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، موسكۋاغا كېتىدۇ. ماخۇسەن ئەمدىلا تەختكە چىققان شېڭ شىسەينىڭ كېيىنى ئاڭلىماي ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدۇ. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچىتىش ئېلىپ بارىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تانكا تۈەنى ۋە 10 نەچچە ئايروپىلان چىقىرىپ، ماخۇسەن قىسىملىرىغا زەربە بېرىدۇ. بۇ قىسىم يەكەنگە كېلىپ، خوتەندىكى ماخۇسەن قىسىملىرىغا زەربە بېرىشتە ھاۋا ئارمىيىسى قەشقەردە ئۇچۇپ، قونۇپ ئۆرۈش قىلغانلىقتىن، يەكەندە بىر ئايروپىلان ئىستانسىسى قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1937 - يىل 8 - ئايدا يەكەن كوناشەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى چاھانباغ دېگەن يەردە ئاددىي بىر ئايروپىلان ئىستانسىسى قۇرۇلىدۇ.

بۇ ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.27 كىلومېتىر. كەڭلىكى 2.12 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇچۇش يولى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر ئىدى. ئايروپىلان بىر قېتىمدا قونۇپ ئۇچالايدىغان بولۇپ، كىچىك تىپتىكى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى قونۇپ، ئۇچقان، يولۇچىلار ئايروپىلانى قونۇپ باقمىغان.

1943 - يىلدىن باشلاپ ئايرودرۇم ئۇچۇش يولىنىڭ بىر تەرىپىگە توققۇز ئېغىز ياتاق ئۆي سېلىنىپ، ئايرودروم باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلغان. ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مۇھاپىزەت قىلىنغان. بەزى ۋاقىتلاردا گومىنداڭنىڭ كىچىك تىپتىكى ئايروپىلانلىرى قونغان. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئايرودرۇم يەكەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1956 - يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە قوشۇۋېتىلگەندە، ئايرودرۇم تاشلىۋېتىلگەن.

1959 - يىل 3 - ئايدا لەنجۇ ھاۋا ئارمىيە قىسمى رەھبەرلىرى يەكەنگە كېلىپ، ئايرودرۇمنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئايرودرۇمنى يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكەن.

مۇشۇ مەزگىللەردە ئاپتونوم رايون بۇغدايدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «ئەن - 24» تىپلىق دېھقانچىلىق دورىسى چاچىدىغان ئايروپىلانلارنى ئەۋەتكەن، بۇ ئايروپىلانلار

(ئاخىرى 19 - بەتتە)

# شىۋە ئاغىچا سارىخان

## ھاشىرجان ئىمىن

1864 ـ يىلدىكى ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسى بولغان ئىلى سۇلتانلىقى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يىمىرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ دەۋردە يۈز بەرگەن تەسىرلىك ۋەقەلەر ھېلىھەم خەلق قەلبىدە يادلانماقتا.

سۇلتان ئوبۇل ئەلاخان بىلەن شىۋە قىزى سوخا توغرىسىدىكى ھېكايە ئەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى.

1864 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاش ئۆستەڭ، ئارائۆستەڭ، ئۇلاستايلاردىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار- نى باياندايىنى ئېلىشقا، ئىلىنىڭ جەنۇبىدىكى دولاتا، كەتمەن، غالجات، خونخاي قاتارلىق 12 يۇرتتىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنى كۈرە، باياندايدىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە غالجات، قاشاڭ غولىدىن تاكى تېكەستىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يولىغىچە بۆكتۈرمە، قاراۋۇللارنى قويغان. بۇ چاغدا خونخايلىق ئاققوزا مىراپ بىلەن غالجاتنىڭ يۈز بېگى توقلەككە بىر تەرەپتىن خەلقنى تەشكىللەپ قورالاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن سۇمۇلدىكى شىۋەلەرگە خىزمەت ئىشلەپ قوزغىلاڭچىلارنى قوللاشقا ئۈندەش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان. شۇنداق قىلىپ موڭغۇلكۈرەدىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جاڭجۈن مەھكىمىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلانغان.

1865 ـ يىلى سادىر پالۋان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار باياندايى قەلئەسىنى 2 ـ قېتىم مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شۇ چاغدا كۈرە جاڭجۈنى موڭغۇلكۈرەدىن كېلىدىغان كۆچلۈك ھەربىي ياردەمنىڭ يولىنى ئېچىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خونخايدىكى ئاققوزا مىراپ قوشۇنىنى ئۈجۈقتۇرۇشنى پىلانلايدۇ. يول ئېچىش قوشۇنىنىڭ يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئاققوزا مىراپلار بۇ خەۋەرنى ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگكە يەتكۈزىدۇ ھەمدە تاقابىل تۇرۇپ چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

1868 ـ يىلى ئىلىدىكى 9 شەھەر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ خەلقنىڭ كۆڭلى ئەمدىلا ئەمىن تاپقان مەزگىلدە، 3 ـ قېتىم سۇلتانلىققا ئولتۇرغان موللا شەۋكەت ئاخۇن ئەمىر لەشكەر ئوبۇل ئەلاغا سۇمۇلدىكى شىۋەلەرنى جازالاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ.

بۇيرۇقنى ئالغان ئوبۇل ئەلا 500 ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ قاراتام كىمىسى ئارقىلىق شىۋە يېزىلىرىغا ئۆتىدۇ. قوشۇن 8 سۇمۇلدىن ئۆتۈپ، شىۋە سەككىز توغ باش دورغىسى جايلاشقان ئالتە سۇمۇلغا كەلگىچە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى بۇ يەرلەردىكى خەلق ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن ھالىدىن كەتكەنىدى. ئەمىر لەشكەرنىڭ چاپچال تەۋەسىگە ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان توقلەك يۈز بېگى 300 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئېلىپ ئالتە سۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. توقلەك يۈز بېگى ئوبۇل ئەلانىڭ شىۋەلەرنى جازالاش مۇددىئاسىغا ئاشكارا قارشى تۇرىدۇ. ئاشۇ جىددىي پەيتتە سەككىز توغ باشبۇغى قارماڭا ئوبۇل ئەلا ۋە توقلەكنى ئۆز مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

سورۇندا ھەر ئىككى تەرەپ قان تۆكمەسلىك توغرىسىدا چىرايلىق سۆزلىشىدۇ. شۇ ئارىدا سوخا ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىز مېھمانلارغا ئەدەب بىلەن

چاي تۇتىدۇ.

نەتىجىدە ئەمىرلەشكەر ئوبۇل ئەلا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كېتىدۇ. مەيلى قانداق سەۋەبىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شىۋە مۆتىۋەرلىرى قىرغىنچىلىق، قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا سوخانىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار، دەپ قاراپ ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەيلىنى ئېلىپ ئوبۇل ئەلاغا ياتلىق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ شىۋە قىزى سوخا ئوبۇل ئەلاغا ياتلىق بولۇپ، شەھەرگە كىرىدۇ. ئۇيغۇرلار سوخاغا «سارىخان» دەپ ئىسىم قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن شىۋەلەر ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم مىللىي دوستلۇق ئورنىتىلىدۇ.

سوخا 1848 - يىلى بەش سومۇللۇق ئەنجا جەمەتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 17 ياشقا كىرگەندە ئالتە سومۇللۇق پالىشەن دېگەن يىگىتكە ياتلىق قىلىنغان. ئۇ توي قىلىپ ئەمدىلا 4 — 3 ئاي ئۆتكەندە يۇقىرىقى سەۋەب بىلەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئوبۇل ئەلاغا ياتلىق بولغان، كېيىن ئوبۇل ئەلا ئىلى سۇلتانلىقىدا سۇلتان بولغان. چاررۇسىيە ئىلىنى بېسىۋېلىپ ئىلى سۇلتانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئوبۇل ئەلاخان ئالمۇتا شەھىرى يېنىدىكى بىر جايغا كۆچۈپ چىقىپ كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. ئەل ئارىسىدا شىۋە ئاغىچا سارىخان دەپ نام ئالغان سوخا ئوبۇل ئەلاخاندىن ئىككى ئوغۇل تۇغقان. چوڭى باتۇرخان، كىچىكى ئېلىخان ئىدى.

سوخا 1912 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 64 يېشىدا ئالمۇتا يېنىدىكى «سۇلتان قورغان» دا ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

1927 — 1929 - يىللىرىچە ئالمۇتىدا كونسۇلخانا خادىمى بولۇپ تۇرغان سارۇچۇن، بەي لىڭ (شىبە) لار سۇلتان قورغانغا بېرىپ سوخانىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە سوخانىڭ قەبرىسىنى تېپىپ قايتا رېمونت قىلدۇرغان. قەبرىگە « ئىلى سۇلتانى ئوبۇل ئەلانىڭ كىچىك ئايالى سوخا» دېگەن خەت يېزىلغان. كېيىن بەي لىڭ «سوخاغا مەدھىيە» دېگەن داستاننى يېزىپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوخا توغرىسىدا بىرمۇنچە ھېكايە، ناخشا، قوشاقلار يېزىلغان ۋە توقۇلغان.

ھازىر ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى شىۋە خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمىدا سوخا توغرىلىق ناخشىلار ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

---

(بېشى 17 - بەتتە)

مۇشۇ ئايرودرومدا مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. 1959 — 1963 - يىللىرىچە جەمئىي 212 قېتىم ئايروپىلان قونغان ۋە ئۇچقان. 155 مىڭ مو بۇغداي يېرىگە دورا چېچىلغان. 1964 - يىلى شەھەر گۆڭشې كۆپلەپ ئاشلىق تېرىش شوئارىغا ئاساسەن، بۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ، قوشۇمچە ئەترەتنىڭ تېرىشىغا بېرىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن يەكەندە ئايرودروم يوقالغان. 1972 - يىلى يېزا ئىگىلىك دورىلىرىنى چېچىش ئۈچۈن ھازىرقى بېلىقچىلىق مەيدانى بىلەن ھەربىي قىسىم بوز يەر ئاچقان ئورۇندا بىر ئاددىي ئايرودروم قۇرۇلغان، بىراق ئۇچۇش يولىدا توپا - چاڭ كۆپ بولغانلىقتىن، قونۇش - ئۇچۇش ئەپسىز بولۇپ ئىشلىتىش توختىتىلغان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# جاھانگىر خوجىغا ئەنگلىيىنىڭ يانتاياق بولغانلىقى گۇمانلىق


پەن جىپىڭ

1820 — 1828 ـ يىللىرى بولغان ئارىلىقتا جاھانگىر خوجىنىڭ قوقەند فېئوداللىرىنىڭ قوللىشى بىلەن قوقەندنى بازا قىلىپ، قەشقەر رايونىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىقى شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى تارىخچىلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «جاھانگىر خوجىنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىغا ئەنگلىيە يانتاياق بولغان» دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ خىل قاراش سوۋېت ئىتتىپاقىلىق شاخماتوف بىلەن كېرىيېفنىڭ 1953 ـ يىلدىكى تەتقىقاتىدىن كەلگەن. ئۇلار: «جاھانگىر خوجا كابولدا ئىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىنچە قوقەندكە قايتقان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەنگلىيە ئىشپىيونلىرى ئۇنى كابولدا ئىزدەپ تېپىپ، ئۇ ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنى قارار قىلىشقان. قانداقلا بولسۇن، جاھانگىر خوجا ئەنگلىيىنىڭ ياردىمىدە قوشۇن تەشكىللەپ، قوشۇننى قوراللاندۇرغان. ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى مەشقاۋۇللارمۇ مۇسۇلمانچە كىيىنگەن ھەم ئۆزلىرىنى ئەنگلىيىلىك خوجىلاردىن دەپ ئاتاشقان . . .

شۇ چاغدا قەشقەرگە قوشنا قازاقىستان چېگرا رايونىدىكى 9 ـ دەرىجىلىك مۇلكىي ئەمەلدار بۇ بېنوف 1827 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئومىسكى ئۆلكىسىنىڭ باشلىقىغا يازغان خېتىدە «خوجا خەنزۇلارنى تۆت شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەگە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قاتناشقانلىقى توغرىسىدا ئاخبارات بار. بۇ ھەرگىزمۇ ئەپقاچتى گەپلەر ئەمەس. بۇ يەردىكى ئىنكاسلارغا كەلسەك، ھازىر قەشقەردە 20 ئەنگلىيىلىك بار ئىكەن. ئۇلاردىن بەش كىشى خوجىدىن بىر قەدەممۇ يىراقلاشماي، خوجىنىڭ ھەممە ھەرىكىتىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ‹خوجىلاردىن› دەپ ئاتاپتۇ ھەم خوجىلارچە كىيىنىپ يۈرىدىكەن. بۇ كىشىلەر ھىندىستاندىن تىبەت تاغلىرى ئارقىلىق بۇ يەرگە سوقۇنۇپ كەپتۇدەك. ئۇلار بۇندىن 5 يىل بۇرۇن يەكەندە پەيدا بولغانىكەن. بىراق جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن قوغلىنىپ، كېيىنچە لاداق يولى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. ھەم جاھانگىر خوجىنى غەليان قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، خوجا بىلەن بىرگە قەشقەرگە كىرىپتۇ» دېگىنى ئاساسەن خۇلاسە چىقىرىشقان①. بۇ قاراش سوۋېت ئىتتىپاق بازار تېپىپلا قالماي، بەلكى ئېلىمىز ئالىملىرىمۇ بۇ قاراش مەقبۇل تاپتى. «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارد قىسقىچە توپلام» دا، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش ئاسىيلار ئەۋلادلىرىنى جازالاش تەدبىرلىرى» بىلەن «چيەنلۇ زەپەرنامىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «جاھانگىر خو قۇمباش دەرياسى بويىدىكى جەڭدە زامانىۋى جەڭ تاكتىك بىلەن زەمبىرەك ئىشلەتكەن. بۇ جەڭدە ئەنگلىيىلى مەسلىھەتچى، ئەنگلىيە تەمىنلىگەن قورال ـ ياراغ بولماسلى مۇمكىن ئەمەس» دەپ قاراپ، بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپا ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان خۇلاسىنىڭ «ئاساسى بار» لىق ئىسپاتلىغان. 1961 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىم كۇزنېتسوف «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسق توپلام» دىكى خۇلاسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگە ②.

جاھانگىر خوجىنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى ئەنگلىيىنىڭ يانتاياق بولغانلىقى نەچچە رەت يەكۈنلەنگە بولسىمۇ، بىراق مېنىڭ مۇنداق بىرنەچچە گۇمانىم بار:

1. بۇ قاراشتىكى يۈت تىرەپ تۇرالايدىغان ئىسپا ھېلىقى روسىيىلىك 9 ـ دەرىجىلىك مۇلكىي ئەمەلدارنى 1827 ـ يىلدىكى دوكلاتىدىكى بىرنەچچە ئېغىز پاراڭدى كەلگەن. ئۇ چاغلاردا روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار بىلە قەشقەر ھەرگىزمۇ «قوشنا» ئەمەس ئىدى. روسىيىنىڭ تەس دائىرىسى ئاران سىبىرىيىدىكى سېمىپالاتىنىسكى (شەمەي) پېترو پاۋلۇۋسكى بىلەن ئورىسكى ئەتراپىغا كېلەلىگەندى ئەڭ جەنۇبى پاسىلىمۇ ئاياگۇز، ئىشىم دەرياسى ۋە تورغا دەرياسىغىمۇ بارمايتتى. بۇ جايلارنىڭ قەشقەر رايونى بىلە بولغان ئارىلىقىنى تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ، 3000 ـ



4000 چاقىرىمدىن ئاشاتتى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يىنوفنىڭ يازغانلىرى بىرىنچى قول ئاخبارات ئەمەس. كۆپىنچىسى مىش - مىش پاراڭ. ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ناھايىتى گۇمانلىق. يەنە كېلىپ بۇ يىگانە، بىردىنبىر ئىسپات. «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» دىكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىن ئېلىنغان ئىسپات ماتېرىيالدا بىرەرمۇ ئەنگلىيىلىك تىلغا ئېلىنمىغان. ئەنگلىيىلىك مەشقاۋۇل ياردەم قىلغان زەمبىرەكلەر بولسا، پەقەت لوگىكىلىق قىياستىن ئىبارەت. قىياس قىلىش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، كىشىنى قايىل قىلالىشى تەس، ئىسپاتقا يارىمايدۇ. چىڭ سۇلالىسى جاھانگىر خوجا پاراكەندىچىلىكىنى تىنچىتىپ، جاھانگىر خوجا بىلەن ھەمساۋاقلىرىنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى ھەققىدە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ تەكشۈرۈش «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىيلار ئەۋلادلىرىنى جازالاش تەدبىرلىرى»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خارجى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»، «مەرىپەتلىك ناۋېنچىڭ ھەزرەتنىڭ ماقالاتلىرى»، «مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار VII» قاتارلىق خەنزۇچە ھۆججەتلەردە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بۇ ئىشقا ئىشتىراك قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر ماتېرىيال ئۇچراتمايمىز. جاھانگىر خوجا ۋەقەسى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى قاتتىق لەرزىگە كەلتۈرگەن ۋەقە. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» سى، تاتار ئالىمى قۇربان غەلى خالىدىنىڭ «تارىخى خەمسەئى شەرقى»، قوقەندلىك مۇئەررىخ موللا نىيازنىڭ «تارىخىي شاھرۇخى»، ھاكىمخاننىڭ «مۇنتەھەبەتتەۋارىخ» دېگەن ئەسەرلىرىدە، بۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىرەرمۇ ئەنگلىيىلىك تىلغا ئېلىنمىغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەربلىك (روسىيىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئالىم - ئەمەلدارلار (مەسىلەن: نالىۋكىن، ۋەلىخانوف، تېرېنتىيېف، بولگىر، مۇھەممەت ئاتىق، تۈركىيىلىك، قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ (بەزىلىرى شىنجاڭغىمۇ كەلگەن)، كەڭ كۆلەمدە يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىغان، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭغا دائىر پائالىيەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولسىمۇ، بىرەر ئەنگلىيىلىككە دائىر ئىش تىلغا ئېلىنمىغان. ئەگەر «ئەنگلىيىلىك مەسلىھەتچى، مەشقاۋۇللار جاھانگىر خوجىنىڭ ئەتراپىدىن بىرەر قەدەم نېرى كەتمەي، ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتىنى باشقۇرۇپ تۇرغان» دېگەندىمۇ، خەنزۇچە، يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار ۋە غەرب ماتېرىياللىرىمۇ ئىزنا قالدۇرماسلىقى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.

2. XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، ئەنگلىيىلىكلەر ھەقىقەتەن ھىندىستاننىڭ شىمالىدىن سىڭ كىرىش نىيىتىدە بولغان. داۋگۇاڭ خاننىڭ دەسلەپكى يىللىر ئەنگلىيىلىك ئايرىم سودىگەرلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇب سىڭىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى «چىڭ ئوردى خاتىرىلىرى» دە ئۇچرىتىپ قالىمىز. بىراق ئومۇملاشتۇر ئېيتقاندا، ئۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسى بىل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۆلەك ئارىلىق ئىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى شىمالىي ھىندىستا مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالمايۋاتقان، غەربىي شىمالغا بولغ دىققىتى ئاساسەن ئافغانىستان، ئىران تەرەپتە بولغاچق ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىران ئارقىلىق ھىندىستا كىرىۋېلىشىغا يول قويماسلىق ستراتېگىيىسىنى قوللىنىۋاتاتتى. روسىيە بولسا، ئەنگلىيىنىڭ ھەرىكىت ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن قاراۋاتاتتى.

روسىيىلىك ئوفىتسېر تېرېنتىيېفنىڭ مەلۇمات قارىغاندا، 1824 — 1840 - يىللارغىچە، ئەنگلىيىلى مۇركىروپىت، كوننولى، ۋولف، بورنىس ۋە ستىرېندۇ قاتارلىقلار ئارقىمۇ ئارقا ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىغا كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بىراق بۇ ئەنگلىيىلىكلەر مەزك جايلاردا كۆرۈنەرلىك تەسىر قوزغىيالمىغان. كوننول خىۋەگە، ئاندىن تاشكەنت بىلەن قوقەندكە سۇقۇنۇپ كىرگەن كېيىن يەنە بۇخاراغا قېچىشقا مەجبۇر بولغان. 1842 - يى ئۇ ستىرېندۇس بىلەن بىللە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئافغانىستاندىكى ئورنىمۇ كۆڭۈلدىكىدە بولمىغان. مەسىلەن: بورنىس كابولدا ئۆلتۈرۈلگەن③ ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاننى بويسۇندۇرۇشىمۇ تەس بولغان 1840 - يىلى بىر تۈركۈم ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئافغانىستانن كەپۇر تاغ ئېغىزىدا، بىرسىمۇ ئامان قالماي، ھەممىسى ھالا بولغان. 1842 - يىلى ئەنگلىيە يەنە بىر قېتىم ئافغانىستا يۇرۇش قىلىپ، كابولنى تالان - تاراج قىلالىغان بولسىمۇ ئۇزۇن تۇرالماي، رەسۋا بولۇپ چېكىنگەن. شۇ ئەنگلىيە XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جاھانگىر خوجىنى سىياسىي ۋە ھەرب ئىشلار جەھەتتە ئىدارە قىلىپ، قوراللاندۇرۇپ كېتەلىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

3. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى جاھانگىر خوجى ئەنگلىيە يانتاياق بولغان دېگەن كۆز قاراشنى 50 - يىللار ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ چاغ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوتتۇ ئاسىيادىكى سىياسىي ۋەقەلەرنى دېگۇدەك ئەنگلىيىگە باغلايدىغا بىر قۇيۇن چىققان مەزگىل ئىدى. بۇ بەلكىم 2 - دۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئەنگلىيە تىركىشىشىدىكى سىياسىي مۇھىت بىلە

مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالىملىرىنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئانچە خۇشى قالمىدى.

1983 ـ يىلى كوزنېتسوف يېڭى يازغان ئەسىرى «چىڭ ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسىدا» دېگەن كىتابتا، «جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى» نى تەپسىلىي بايان قىلغان بولسىمۇ، ئەنگلىيىنىڭ يانتاياق بولغانلىقى ھەققىدە ھېچنىمە دېمىگەن. ھەتتا بۇبېنوفنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىلىق يەنە بىر ئالىم گورېيۋىچ 1983 ـ يىلى نەشر قىلغان ئەسىرىدە بۇبېنوف ھەققىدە سۆزلىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇبېنوفنىڭ دوكلاتىدىكى ھېلىقى گەپنى نەقىل ئالمىغان. ئۇ ھەتتا «ئەنگلىيە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەگە قاتتىق قىزىققان، بىراق ئەنگلىيىنىڭ جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى جەريانىدىكى تەسىرى مۇبالىغە قىلىنغان» دەپ كۆرسەتكەن. جاھانگىر خوجىغا ئەنگلىيە يانتاياق بولغان دېگەن كۆز قاراش، سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەيدانغا چىققاندا، تەركىۋىگە سۇبيېكتىپ خاھىشلارنىڭ قوشۇلۇپ قالغانلىقى ئېنىق.

دېمەك، مېنىڭچە ئوبيېكتىپ بولغان بىۋاستە ئىسپات تېپىشتىن بۇرۇن، جاھانگىر خوجىغا ئەنگلىيە يانتاياق بولغان دەپ، يەڭگىللىك قىلماسلىقىمىز، ئەڭ ياخشىسى، ئالدىراپ خۇلاسە چىقارماسلىقىمىز لازىم.

ئىزاھات:

① «ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ غالچىسى ياقۇپ بەگ دۆلىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ھەققىدە»، «سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مىللەتلەر تارىخىنى توغرا بايان قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى»، خەلق نەشرىياتى، 1954 ـ يىلى نەشرى. خەنزۇچە.

② كوزنېتسوف: «جاھانگىرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى توغرىسىدا»، قازاقىستان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلانغان.

③ «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» 1 ـ توم، 143 ـ، 209 ـ، 235 ـ بەتلەر. 1980 ـ يىلى نەشرى، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە.

④ گورېيۋىچ: «XIX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنىڭ خەلقئارا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» 1983 ـ يىلى موسكۋا رۇسچە نەشرى،

خەنزۇچە «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز ئۇرخۇن

## «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ توپلىمىنى سېتىۋېلىشقا ئالدىراڭ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ھازىر بۆلۈمىمىزدە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ، 1997 ـ، 1998 ـ يىللىق سانلىرىنىڭ ئاز مىقداردا توپلىمى بار. 1999 ـ يىللىق توپلام ئىشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئېھتىياجلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ پوچتا ئارقىلىق ياكى بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز. 1994 ـ يىللىق توپلامنىڭ باھاسى 15.00 يۈەن، قالغان يىللارنىڭ بىردەك 20.00 يۈەن. پوچتا ھەققى ئېلىنمايدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 7 ـ نومۇر «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

پوچتا نومۇرى: 830063 تېلېفون نومۇرى: 4640715

www.uyghurkitap.com

# مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن

مامۇتوف قۇربان

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)

ئۇيغۇر - خەنزۇ بىر ئائىلە تاكى ئەزەلدىن،
چىن رىشتىمىز ئۈزۈلمەس ھەم مەڭگۈ ئەبەدكە،
چۈشتى كۆلپەت بېشىمىزغا تەڭلا ئەشۇچاغ،
سىز كەتتىڭىز ئەلەم بىلەن، بىزلەر ھەسرەتتە.
ۋۇ گۇاڭ



مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە ئېغىر بالايى ئاپەت كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا لىن بياۋ، جاڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ ۋەھشىيانە زىيانكەشلىكى بىلەن ئارمان ئىچىدە بىزدىن ئايرىلغىنىغا 28 يىل بولدى. شۇ قاباھەتلىك كۈنلەردە مەرھۇمغا ئارتىلغان گۇناھلارنىڭ ھەممىسى يالغان، تۆھمەت، بوھتان ئىدى. مەرھۇم خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي چاكىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، كۆزگە كۆرۈنگەن دىيانەتلىك، ئىقتىدارلىق رەھبىري كادىرى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىسى ئىدى. ئۇ كەڭ سەپداشلىرى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئېتىراپ قىلغان ئالىيجاناپ پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. شۇڭلاشقا كەڭ سەپداشلىرى، خىزمەتداشلىرى، خەلق ئاممىسى مەرھۇمنى يىل سايىن چوڭقۇر سېغىنىپ، چوڭقۇر ياد ئېتىپ قەلبلىرىنىڭ تۆرلىرىدىن ھۆرمەت ئورنىنى




كۆپ ئىدى ئۆمرۈڭدە ۋىجدان ئەھلىدىن ھۆرمەت ساڭا،
چۈنكى بولغاچقا مۇجەسسەم كۆپ ئېسىل خىسلەت ساڭا.
مىننىتى يوق تۆھپە سۇندۇڭ ئەل ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن،
بەردى جاي شۇڭلاشقا تۆردىن ساڭا، مىللەت ساڭا.
تېيىپجان ئېلىيوف

بېرىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈپ كەلمەكتە.

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف 1915 - يىل 8 - ئايدا ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 6 يېشىدا، يەنى 1921 - يىلى ئاتىسى ئۇنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاننىڭ قاراقول رايونىغا ئېلىپ چىقىپ، رۇسچە باشلانغۇچ مەكتەپكە، 1926 - يىلى يەنە ياركەنتتىكى رۇسچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. 16 يېشىدىن باشلاپ يەنى 1931 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە ئۆزبېكىستان بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن باشلانغان مالغا مال ئالماشتۇرۇلىدىغان چېگرا سودىسى تىجارىتىدە رۇسچە تەرجىمان ھەم يارانلىق بالا تىجارەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ياش تالانت ئىگىسى مۇھەممەتئىمىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋاقتى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى گۈللىنىۋاتقان، پۈتۈن جەمئىيەت يېڭىلىققا يۈزلىنىۋاتقان قاينام - تاشقىنلىق دەۋرگە توغرا كەلدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مۇھەممەتئىمىننىڭ مېڭىسىدە ئىنكاس تاپتى. ئۇ چەت ئەلدە كۆرگەن تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقلاردىن ئىلھاملىنىپ، يۇرتىمىزنىڭ نادانلىق ۋە نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش تەسەۋۋۇرىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ 20 يېشىدا (1935 - يىلى) يۇرتى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپلا خەلققە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تەقەززا بولدى. ئاخىرى ئۇ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان سۇچىلىق ئىشىنى تاللىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى كۆلىمى كىچىك، سۈپىتى تۆۋەن، قالاق ناتۇرال ئىگىلىك ئىدى، بۇ رېئاللىقنى كۆرۈپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىگە، ئەمما دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئادىي، كىچىك كۆلەمدىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. بۇ مەرھۇم ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى توغرا تاللىشى بولدى.

مەرھۇم شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئېچىش» كېلىشىمنامىسى بويىچە قۇرۇلغان سوۋېت ۋە بىز تەرەپ قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدا 1935 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى. ئاسان قولغا كەلمەيدىغان بۇ ياخشى پۇرسەتنىڭ قولغا كەلگەنلىكىدىن روھلىنىپ، مۇتەخەسسىسلەرگە تەرجىمانلىق قىلىش ئورنىنى ھەم خەنزۇچە، رۇسچە تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈۋېلىشنىڭ، ھەم سۇ قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىشنىڭ مەكتىپىگە ئايلاندۇرۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان قىلچىلىك پۇرسەت بولسىمۇ زادى قولدىن بەرمەي، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىدى. ئۇ كىتابى بىلىم بىلەن ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى توغرىسىدىكى مەلۇمات ۋە سۇ بايلىقىنى ئېچىش بىلىملىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش نازارىتى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ ئىختىساسلىق خادىمى بولۇپ قالدى. مەرھۇم بۇنىڭلىك بىلىم ئىقتىدارىدىن زادى قانائەتلەنمىدى. ئۇرۇمچى سۇ ئىشلىرى تېخنىكومىنى، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ سۇ ئىشلار فاكۇلتېتىنى خىزمىتىگە كىرىشتۈرۈپ، كارامەت تىرىشچانلىقى بىلەن ئەلا پۈتتۈرۈپ، كىشىلەر تېخىمۇ كۆز تىكىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئىقتىدارلىق مۇتەخەسسىسكە ئايلاندى. ئۇ 1938 - يىلدىن 1944 - يىلنىڭ 8 - ئايلىرىغىچە ئالتاي، مايتاغ، بۇغدا، خۇتېيەنچى، ماناس، ساۋەن قاتارلىق كەڭ رايونلارنىڭ سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش قۇرۇلۇشلىرىغا سۇ ئىنژېنېرى سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىپ، كۆرۈش، تەھلىل يۈرگۈزۈش، مۇۋاپىق پىكىر قىلىش، توغرا ھۆكۈم قىلىشتەك ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۈچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. بۇ ئىختىساسلىق ئىنژېنېر ئۈچ ۋىلايەن

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابى دەۋرىدە تازا ئەسقىتىپ، سۈ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ، سۇ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇلۇشىدا تايانچلىق رول ئوينىدى.

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان رايونلارنىڭ يېزا - قىشلاقلىرى ۋە مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ، مەدىكار - ئىشلەمچىلەرنىڭ ئاھ - زارىنى ئاڭلىدى، دەرد - ھەسرىتى، ئاچ - توق، يېلىڭ - يىرتىق غېرىبانە تۇرمۇشلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ئويلاندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىقتىساد جەھەتتە قان - تەرىنى شوراش، سىياسىي جەھەتتە تەڭسىزلىك ئاسارىتىدە خورلاش، مەدەنىيەت جەھەتتە جاھالەت سىرتمىقىغا باغلاشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرى مەرھۇمنىڭ يۈرەك باغرىنى پۇچۇلىۋەتتى. ئۇ خەلقنى ئازاپ - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى ۋە ئاخىرى كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىۋالدى.

1944 - يىلى ماناس دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقىنىدا مەرھۇم دىققەت - ئېتىبارىنى سۇ قۇرۇلۇشىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەمدە ماناس، ساۋەن ۋادىلىرىدىكى خەلقنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەيپىياتلىرىنى بىلىشكە، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا، تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ تەشكىللەشكە قاراتتى.

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئازادلىققا چىقىرىش يولىنى تاللىۋېلىپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ مەردانە قەدەم تاشلىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە قوشۇلۇپ، جىڭ، شىخولارنى ئازاد قىلىش چوڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى. جەڭدە ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق شىجائىتى، ئۇرۇش قىلىشتىكى يەم - پاراستى، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەش ئىقتىدارى بىلەن تېزلا تونۇلۇپ، ئىزۋوت (پەي) كوماندىرلىقىدىن بىراقلا ئىسكادرون كوماندىرلىقىغا كۆتۈرۈلۈپ، جىڭ، شىخو ئۇرۇشلىرىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى.

مەرھۇم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە «ئازادلىق تەشكىلاتى»، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» گە قاتناشقان. «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ھەيئەت رىياسەتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىدا تېگىشلىك رول ئوينىغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيىسىدە باش شتاب 1 - سىياسىي بۆلۈمىدە ئوفىتسېر، باش شتاب ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بۆلۈم باشلىقى، باش شتابنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش رازۋېتكا پونكىتىنىڭ مەسئۇلى، ئاتلىق پولك كوماندىرى، باش شتابنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مەن 1946 - يىل 7 - ئايدا مىللىي ئارمىيە باش شتاب سىياسىي بۆلۈمىگە تەشۋىقات كادىرى بولۇپ خىزمەتكە تەيىنلەندىم. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف باش شتاب ئاساسلىق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىكەن. باش شتابنىڭ مۇھىم بۆلۈملىرى بىر چوڭ قورۇدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئوفىتسېر ۋە باشلىقلار بىلەن ھەرقاچان دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇراتتى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ نام - شەرىپىنى يېقىندىن بۇيان جىق ئاڭلاپ، كۆرۈشۈش پۇرسىتىنىڭ بولۇشىغا تەشنا ئىدىم. سىياسىي بۆلۈمگە ئىشقا چۈشۈپ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ باش شتاب قورۇسىدا قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چەبدەس، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، ئىسسىق چىراي پودپولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا دوقۇرۇشۇپ قالدىم-دە، ھەربىيچە سالام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردۈم. پودپولكوۋنىك سالىمىمنى قوبۇل قىلىپ: «خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، بىر تەرەپتىن ئىشلەيمىز، بىرتەرەپتىن ئۆگىنىمىز، ئىككىسى ئايرىلمايدۇ، بىرگە ماڭىدۇ، ئىشنىڭ يولى شۇنداق بولىدۇ، ۋاقىت چىقىرىپ يەنە سۆزلىشىمىز» دەپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. پودپولكوۋنىك كىبىرى يوق، ئاددىي - ساددا بولۇپ، جەلپ قىلىش خىسلىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئىشقا چۈشۈپلا ئۇ مېنى چاقىرتتى، ئىشخانىسىغا كىرىپ

سالام بىرىشىمگىلا: «ياخشىمۇسىز، ئولتۇرۇڭ» دېدى-دە، ئالدىراش ئىشنى يىغىشتۇردى، بىز ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق بىر-بىر سائەت پاراڭلاشتۇق. ئۇ «ئۇياقنىڭ ئەھۋالىنى بىر-ەرقۇر بىلمىز، بىز كۈرەش قىلدۇق، ھەممىمىز كۈرەش قىلدۇق، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلدۇق، قانئىچەر جاللات شىڭ شىسەينىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقىغا، گومىنداڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلدۇق، نۇرغۇن قۇربان بەردۇق. . . سىلەر كەنجە، قاسىم قاتارلىق سەپداشلىرىڭلارنى قۇربان بەردىڭلار، ئوت يۈرەك، ئاتاقلىق شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە بىلال ئەزىزى، ئابلا ياقۇپ قاتارلىق بىلىملىك ياشلىرىمىز ساۋاقداشىڭلار ئىدى، ئابلا داۋۇتوف قاتارلىقلار ھۆرمەتلىك ئۇستازلار ئىدى، بۇلارنىڭ سىپى چوڭ ئىدى، ئۇلار گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمى، مىللىي كەمسىتىش خورلۇقىغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىگۇناھ خەلقىمىزنىڭ قېنى تېمىپ تۇرغان قانلىق جادۇسىدا توغرىلىپ، قانلىق پالتىسىدا چانىلىپ قۇربان بولدى، بىز بىكار قۇربان بەرمىدۇق. . . نۆۋەتتىكى ئىشلىرىمىزنى ياخشى قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم؛ نۆۋەتتىكى كۈرەش قوراللىق كۈرەش ئەمەس، «تىنچلىق بىتىمى» گە ئەمەل قىلىش، تولۇق يولغا قويۇش بىلەن تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولىدۇ، بىز تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلىمىز، ماددىلار بويىچە يولغا قويىمىز، بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىمىز بولىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - تىلىكىگە ئۇيغۇن بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئېچىلىپ - يېيىلىپ تەسىرلىك سۆزلىدى. پودپولكوۋنىكنىڭ سۆزى خۇددى مارجاندەك تىزىلىپ چىقاتتى، تەكرار سۆز، ئارتۇق سۆز يوق ئىدى.

بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى يولداش توختى ئىبراھىم ماڭا: «تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ ئېلان قىلىندى، پۈتۈن قىسىم ئىچىدە تىنچلىق كېلىشىمى ئاساس قىلىنغان سىياسىي تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بارىمىز، رەھبەرلىك تەشۋىقىي تەربىيە تېزىسىنى يېزىپ چىقىشىمىزنى تاپشۇردى، دەسلەپكى نۇسخىسىنى سىز يېزىپ چىقىڭ» دەپ تاپشۇرغانىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پولكوۋنىك ئىمىنوف مېنى يەنە چاقىرتتى. ئىشخانىغا كىرسەم، بېشىنى كۆتۈرمەي ھۆججەت ۋە خەت - چەكلەرنى بىرتەرەپ قىلىۋېتىپتىكەن: «قېنى ئولتۇرۇڭ، مانا ھازىر بولىدۇ» دەپ 10 نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «قارىمامسىز، تۇتمىسىلا ئىش بېسىۋالىدۇ» دېدى. راست، ئىش ئۈستىلىگە ماتېرىيال، خەت - چەكلەر دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ئىمىنوف: «يەنە بىر-ەر سائەتتەك ۋاقىت بار، قېنى، ئەمدى پاراڭلىشىپ، چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيمىز» دەپ گەپنى باشلىدى. «تەشۋىقات ماتېرىيالى قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ مەلۇماتىمنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ: «ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىياسىي تەشۋىقىي تەلىم - تەربىيە ماتېرىيالىدا ئۈچ نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلسۇن، بىرىنچىسى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن بىزنىڭ ئالاھىدە رايون ۋەكىللىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ماھىيىتى شىنجاڭدىكى قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. تىنچلىق بىتىمى مەسىلىلەرنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەل قىلىش يولى، يەنى ئىتتىپاقلىشىش يولىدىن ئىبارەت. تەشۋىقىي تەربىيە ماتېرىيالىمىزدا مۇشۇ نۇقتا، يەنى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، بولۇپمۇ يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىمىز بىلەن خەنزۇ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى لازىم؛ ئىككىنچىسى، تىنچلىق بىتىمى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى جىددىي ئارزۇ - تەلپىنى ئەكس ئەتتۈردى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلەپ - ئارزۇسى مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇپ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى يولغا قويۇش، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى خەلق ئۆزى سايلاپ چىقىش، تىنچ تىرىكچىلىك قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. تىنچلىق بىتىمىدە بۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تەشۋىقىي تەربىيە ماتېرىيالىدا بۇ بىر مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى لازىم؛ ئۈچىنچىسى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى. ئۇ ئىلىغا كەلمەكچى، بەزى ئورۇن ۋە جايلارنى كۆرىدۇ، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. جاڭ جىجۇڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت چوڭ ئەربابلىرىنىڭ بىرى، ئۇ بىرنەچچە ئەمەلدارنى باشلاپ كېلىشى مۇمكىن، ئۇلارنى بىخەتەر، ياخشى كۈتۈۋېلىش بىزنىڭ مۇھىم خىزمىتىمىز. بۇ توغرىدا قىسىم ئىچى - سىرتىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كۈتۈۋېلىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم» دەپ ئېنىق يوليورۇق بەردى.

1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەننىڭ قوماندانى گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قوماندانلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر تۈەنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشۈش ئۈچۈن موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىغا يۆتكىلىپ، يۈرۈش تەييارلىقى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىم مىللىي ئارمىيىنىڭ تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى، باش شتابتىن قوشۇلغان زاپاس ئوفىتسېرلار، 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتكەن يەتتە ۋىلايەتتىكى ئىلغار زاتلاردىن تەشكىللەندى. قوشۇن قوماندانى پولكوۋنىك ئىمىنوفنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە شوتا يېزىسىغا جەم بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان يۈرۈش تەييارلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش ۋەزىپىلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. قىسمىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كۆز قاراشنى يېڭىلايدىغان بىر قېتىملىق يېپ - يېڭى ئىدىيىۋى - سىياسىي سەپەرۋەرلىك ئىدى.

چوڭ قوشۇن شوتا يېزىسىدىن قوزغىلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى پولكوۋنىك ئىمىنوف مېنى چاقىرتىپ: «ئوقۇش ئىسكادرونى چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىدا يۈرگۈچى قىسمىمىز بولىدۇ، تەشۋىقات ئەترىتى (يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى 22 نەپەر)، زاپاس ئوفىتسېرلار (20 نەچچە) سىلەر بىلەن بىللە ماڭىدۇ، تەشۋىقات ئەترىتىدىكىلەر ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى، يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى، مۇھىم ئەربابلار، ئۇلارغا ئوبدان قارايسىلەر، ۋاقتىدا قارارىدا ياخشى ئوزۇقلىنىشى ۋە ياخشى دەم ئالدۇرۇلۇشى لازىم، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى جەڭچىلەر باقىدۇ، مىندۈرۈش، چۈشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىگە سىلەر مەسئۇل بولىسىلەر... زاپاس ئوفىتسېرلار كۆپرەك، مايوردىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەرمۇ بار، نېمە بولمىسۇن ئۇلار ھەربىي، دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلاردا بولىدۇ. ئۇلار جەڭچىلەرگە ئوخشاش پائالىيەتتە بولۇشى لازىم. بۇ ھەربىي ئىنتىزام... ئېسكادرونىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى مۇشكۈل، ھەربىي يۈرۈش ۋەزىپىسىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئاممىۋى خىزمەت ۋەزىپەڭلار بار، ياخشى تەسىرات، ياخشى ئىزلار قالسۇنكى، بىرمۇ يامان تەسىر قالدۇرىدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن... ئەتە چۈشلۈك تاماقنى يەپلا يولغا چىقىسىلەر، تېخى يەنە بىر كۈندەك ۋاقىت بار، تەييارلىق پۇختا بولسۇن دەپ يوليورۇق بەردى.

پولكوۋنىك ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ، كۈندۈزى بولمىسا ئاخشىمى، ئاخشىمى بولمىسا ئەتىگىنى، ئۇمۇ بولمىسا چۈشلۈك، كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەترەتلەرنى ئارىلايتتى. جەڭچىلەرگە خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش كۆيۈنۈپ، بېشىنى سىلاپ، كەڭ - كۇشادە مۇڭدىشاتتى. ئاتىدارچىلىق مېھرى - شەپقىتىنى كۆرسىتىپ، جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ باراتتى. مەنمۇ قىسىملاردا ئۇزۇن ئىشلىگەن، لېكىن مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفتەك مېھرىبان، كۆيۈمچان كوماندىرنى ئاز كۆرگەن.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىسكادرونىمىز

كۆتۈرەلىگۈ روھ بىلەن «مۇزارت غوجام» غا قاراپ يول ئالدى. 1 - قونالغۇ «خان يايلىقى» دا بولدى. چۈنكى مۇزارت داۋىنى 6 يىل توسۇلۇپ قاتناش تامامەن ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. داۋان ئۈستى يوللىرىدا يول سىزىقلىرىمۇ يوقاپ، مۇز ئەينەكتەكلا بولۇپ كەتكەنىدى. «خان يايلىقى» دىن داۋان ئۈستىگە يېتىپ بارغىچە بولغان ئۈزۈن ئارىلىقتا مۇز چوقۇپ يول ئېچىش كۆپ ۋاقىت ئالاتتى. تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا زادى بولمايتتى. «خان يايلىقى» نى قونالغۇ قىلىش بىردىنبىر توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى.

«خان يايلىقى» غا يېقىنلاشقىنىمىزدا قۇياش خانتەڭرى چوققىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. شامال قارا بورانغا، قار ئۇچقۇنى قاتتىق قار شىۋىرغانغا ئايلىنىشقا باشلىدى ۋە ئاسماننى قاپلىدى، تازا پەللىسىگە چىققان قار - بوران بىزنى خان يايلىقىنىڭ قارىغايلىرىغا ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك ھۆكۈرەپ كۆز ئاچقۇزمايتتى. قىلىچتەك تېگىۋاتقان شىۋىرغان تىنىق ئالدۇرمايتتى. ئاتلار كىشنەپ يۈگەن - نوختىلىرىنى ئۈزۈۋشۈپ، بوي بەرمەي قاچقىلى تۇردى. قانداق قىلىش كېرەك؟ جان تىكىپ قاتتىق ئېلىشىۋاتقىنىمىزدا: «بارىكاللا، چىڭ تۇرايلى! قارىغايغا ئاتلارنى ئۈچ - تۆتتىن باغلايلى، قوشۇپ يېقىن باغلايلى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ تونۇش ئاۋاز ئىدى. «بىر ئات، بىر تال قورال، بىر تېخىق يۈكنىمۇ بېرىنىپ قويماي قاتتىق ئېلىشايلى!» دەپ چاقىرىق قىلدى قوماندان. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا جۇۋىمۇ، قولىدا پەلەيمۇ يوق ئىدى.

ئىلھاملانغان ئوفىتسېر - جەڭچىلەر: «قوماندان، بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، سىز بۇ ھالدا بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلسىڭىز بىز خاتىرجەم بولالمايمىز. ئامانلىقىڭىز بىلەن بىخەتەرلىكىڭىزنى ساقلاش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، سىز مۇھاپىزەتچىڭىز بىلەن ئاۋۇ پەستىكى تۈگمەنگە كىرىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، شۇندىلا بىز خاتىرجەم بولۇپ، بۇ جۇدۇن - چاپقۇن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز» دەپ چۇقىراشتۇق. پولكوۋنىك: «رەھمەت، ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئوخشاشلا خاتىرجەم بولالمايمەن، بىللە بولۇپ، ھەممىنى تەڭ كۆرىمىز» دەپ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە بۇ دەھشەتلىك ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى. كۆرمىگەن ئىشەنمەيدۇ، بۇ جۇدۇن - چاپقۇن ھەقىقەتەن دەھشەتلىك، ھەقىقەتەن خەتەرلىك بولدى. قوماندانىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە بەش سائەتتەك قاتتىق ئېلىشىپ ھېچ نېمىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىدۇق. قار ئازايدى، بوران پەسەيدى، شىۋىرغان جىمىدى. ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغ، نەرسە - كېرەكلىرىنى تەكشۈرۈپ، تۈزەشتۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىشتى. قوماندان موخۇركىسىنى قاتتىق شوراپ، كۈلۈمسىرەپ جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ: «قىسمىمىز بوش ئەمەس، يارايدۇ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ—دەپ مەغرۇرانە كۈلدى—ئەمدىكى جەڭ ئىسسىقىنا ياخشى غىزالىنىش جېڭىدىن ئىبارەت. قېنى تېز تۇتۇش قىلايلى، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر غىزالىنىپ بىرنەچچە سائەت دەم ئېلىۋالسۇن، ئاتلارنىمۇ تويغۇزۇپ، ھەممىنى تەق قىلىپ يولغا چىققىلار، ئامەت تىلەيمەن» دەپ تاڭ سۈزۈلمەيلا شوتىغا يۈرۈپ كەتتى.

خان يايلىقى بىلەن داۋان ئارىلىقىدا مۇز چوقۇپ يول ئېچىش، مۇز ئۆرلەپ تۆپتۈز بولۇپ كەتكەن داۋان يولىنى چوقۇپ پەلەمپەي يول ياساش ئىنتايىن جاپالىق ئىش ئىدى. ئاۋانگارت ئەترەت بىلەن ئادەتتىكى ئىزۋوت ۋە بەنلەرنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ، قويۇلۇپ تۇرغان تەر، يېرىلىپ، زەخىملىنىپ تۇرغان قوللاردىن ئېقىپ تۇرغان قانلارغا قارىماي، بەسبەستە 10 سائەت قاتتىق ئىشلەپ، يوللارنى راۋانلاشتۇردۇق.

«مۇزارت غوجام» شىجائىتىمىزگە تەن بېرىپ يول بەردى. كەچتە مۇز چوققىسىدا تېيىلىپ، كۆز يەتمەس چوڭقۇر مۇزغارغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن جەسۇر جەڭچىمىز ئەمەت مۇسانىمۇ ئۆز پاناھىدا سالامەت ساقلىدى. بىر - بىردىن قاتار تىزىلىپ، ئاتلارنى خۇددى غالتەكتە ئويناتقان ئوغلاقتەك تاقلىتىپ ماڭغۇزۇپ، ئەتىسى كۈن بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەندە مۇز داۋاندىن ئامان ئېسەن ئۆتۈپ،

تەگرىتاغ باغرىدىكى ئوتلاقتا چۈشۈپ بولدۇق.

چوڭ قىسىمنى باشلاپ كېلىۋاتقان قوماندان مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئېچىلغان يوللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تاڭ يورۇش ئالدىدا داۋان ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ، ئاخىرقى ئىزۋوتىمىز بىلەن داۋاندىن چۈشۈپ، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ، هال سورىدى: «6 يىل توسۇلۇپ كەتكەن بۇ جاھانغا مەشھۇر ‹مۇز داۋان› يولىنى يېڭىۋاشتىن ئاچتۇق، شىنجاڭنىڭ بۆلۈنۈپ تۇرۇش ھالىتىگىمۇ خاتىمە بېرىلدى. . . قاراڭلار، بۇ نېمە دېگەن ئوبدان ئوتلاق! قاراڭلار، كۈمۈشتەك ئېقىن ۋە بۇلاق سۇلىرى نېمە دېگەن گۈزەل! بۈگۈن كۈن نېمە دېگەن ياخشى، قېنى ئوبدان ناشتا قىلىۋېلىپ، سۇدا ئۈزۈپ چىمەنلەر ئىچىدە ئېچىلىپ ئويناپ ھاردۇقىمىزنى چىقىرىۋالايلى». ئوفىتسېر - جەڭچىلەر كۆيۈمچان رەھبەرگە مىڭلارچە مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈشۈپ، ئۆز بەنلىرىگە خۇشال تارقىلىشتى.

مۇز داۋاندىن يۈرۈپ، قىزىل، جام قاتارلىق 3 قونالغۇ ئارقىلىق ئاقسۇ كوناشەھەرگە كىردۇق ۋە سەل بۇرۇن ئاقسۇغا ئورۇنلاشقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بېكتۇەن 2 - كورپۇس 5 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىنىڭ كوچىلاردا قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق. قېرىنداش قىسىم جەڭچىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، غەلىبە شادلىقىنى تەنتەنە قىلىشتۇق. ئاقسۇ كونا - يېڭى ئىككى شەھەر خەلق ئاممىسى، بىرقانچە ناھىيە خەلق ۋەكىللىرى ۋە ھەربىي قىسىملاردىن ھاسىل بولۇپ، خۇددى ئاقسۇ دەرياسىدەك ئاققان قارشى ئېلىش توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مەردانە قەدەملىرىمىز بىلەن رەھمەت، تەشەككۇرلىرىمىزنى ئىزھار قىلىپ ئۆتۈپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ھەربىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇق.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - كورپۇسى شىنجاڭغا يېڭىلا كىرگەن، كونا ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى تېخى ئۆز پېتى ساقلانغان، قىسقىسى، كونا تۈزۈلمىنىڭ تېخى ھېچ نېمىسىگە تېگىش قىلىنمىغان چاغلار بولغاچقا، ۋەزىيەت مۇرەككەپ ئىدى. بولۇپمۇ ئاقسۇنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىي ئىدى. چۈنكى ئاقسۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ھەربىي كۈچى ۋە جاسۇسلۇق قورۇلمىسى ئالاھىدە كۈچەيتىلگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلار نەچچە يىللار داۋامىدا كۈچەپ ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەر كۆپ توپلانغان رايون ئىدى. جايلاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىللىرى قۇرۇلمىغان، يەرلىك مىللىي كادىرلار يوق دېيەرلىك ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىش قىلماق، ئىش قىلغاندىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقماق ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەرلىرىدىن مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف باشچىلىقىدىكى مۇنداق كوممۇنىزم ئېڭىغا ئىگە ئوفىتسېرلاردىن قۇرۇلغان ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ جايلارغا يېڭىلا ئورۇنلاشقان ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇلۇشى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ مۇقەررەر تەقەززاسى بولۇپ قالغانىدى. قىسىمىمىز ئورۇنلىنىشى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى ئۈچۈن چەكلىنىپ تۇرغان رايونلارنىڭ چەكلىرى ئېلىپ تاشلاندى. ئازادلىق ئارمىيە 5 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى يولداش شۇگوشەن، سىياسىي كومىسسارى يولداش لى چۈەن يولداش ئىمىنوف ۋە سەيپۇللايوفلار بىلەن ئاقسۇ رايونىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ شەكىللىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇۋەتتى.

ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمنىڭ (بىر بىرىگادا) يېڭىلىگىنىگە تەن بەرمىگەن ئايرىم بىرنەچچە كاتتىباشلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسىگە ھېلىمۇ قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ئاقسۇغا ئورۇنلاشقىنىمىزدىن باشلاپ بىزگە چېقىلىپ، چاتاق تېرىش ئۈچۈن ھەدىسە تېلېفون سىملىرىنى كېسىۋېتىپ، ئالاقىمىزنى ئۈزۈشەتتى. گازارمىمىزنىڭ ئېگىز يارېشىغا يوشۇرۇن، ئاشكارا كېلىۋېلىپ، قىسىمىمىزنى رازۋېتكا قىلاتتى. گازارمىنىڭ ئورۇنلىشىش خەرىتىسىنى سىزىۋالاتتى. قورallىرىنى كۆز - كۆز

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، تەھدىت سالاتتى. قىلماقچى بولغان شۇملۇقلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدىن قولىنى تارتمىدى. لېكىن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ نەقەدەر نازۇك بولىدىغان تەرىپىنى ھېسابقا ئالماي بولمايتتى.

قىسمىمىزنىڭ تىزگىنى ئىمىنوفنىڭ قولىدا ئىدى. قاياققا تارتسا شۇياققا ماڭاتتۇق. چۈنكى مەسىلىلەرنى توغرا ئىبرەتەرەپ قىلىش شۇنىڭ قولىدىن كېلەتتى. ئۇ دائىم «ئاقسۇنىڭ قىيىنچىلىقى ئېغىر، ھازىر بىزنى شۈنچىلىكلا تەمىنلىيەلەيدۇ. بىز يولۇقۇۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىقلار ۋاقىتلىق، تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىنىڭ كۆپچىلىكى ياخشى، بىرقەدەر ياخشى، قوتراۋاتقان جاھىللار ئازچىلىق، چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ. ھېچ نېمە قىلالمايدۇ. . . شۇنداقتىمۇ بىز يۇقىرى ھوشيارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. ئىشىنىشىمىز كېرەككى، مەسىلىلەر تېز بىرتەرەپ قىلىنىدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بار، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز بار، كەڭ ئاممىنىڭ يېقىندىن قوللىشى بار، بۇلارغا ۋە ئۆزىمىزگە تولۇق ئىشىنىشىمىز لازىم» دەپ تەربىيە بېرىپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولىدا تۇتۇپ كەلدى. كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئىمىنوفتىن سۆيۈنەتتى، ئىمىنوفتىن پەخىرلىنەتتى.

تازا جىددىي كۈنلەرنىڭ بىرى، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم سىلىكبۇسى قىسمىمىزدىن ئىمىنوف باشلىق ئوندەك مۇھىم كوماندىرنى چايغا تەكلىپ قىلدى. چايغا بېرىش ياكى بارماسلىق مۇزاكىرە قىلىندى. بەزىلىرىمىز بۇ «بىر تۇزاق» دېيىشسەك، بەزىلىرىمىز بۇ «بىر سۇيىقەست» دېيىشتۇق. بەزىلىرىمىز «بېرىشقا بولمايدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتىشتۇق. يولداش ئىمىنوف ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. ئاخىرىدا ئۇ: «بۇنىڭ سۇيىقەست، سۇيىقەست ئەمەسلىكى توغرىلىق كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيمىز، بىپەرۋالىق قىلىشتىن ساقلانغىنىمىز، ھوشيار يۈرگىنىمىز ياخشى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى رەھبەرلىكى ئەتراپلىق ئويلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى،

بىخەتەرلىكىمىز كاپالەتكە ئىگە، بىرەر مۇھاپىزەتچ ئېلىنۋالىمىز، سىز (ماڭا) ئۇقۇش ئىسكادىرونىد 5 نەپەر خىل جەڭچىنى زىياپەت زالى ئىشىكى ئالد ئورۇنلاشتۇرۇڭ، بىز يوللۇق ئىش قىلىمىز بارمىغاندىن بارغىنىمىز يوللۇق بولىدۇ، ئېھتىيا قىلدىم دەپ قورۇنۇپ تۇرماي غورۇرىمىز بىل كۆكرىكىمىزنى كېرىپ ئولتۇرىمىز، ئۇلارنى دۈشمە دەپ تۇگۇلۇپ ئولتۇرماي، «دوست» دەپ ئېچىل ئولتۇرىمىز. زىياپەتتە ئىش چىقمايدۇ، خاتىرج بولايلى» دەپ زىياپەتكە بارىدىغان بولدى ؛ كوماندىرلارنى قايىل قىلدى. زىياپەت قاندا بولمىسۇن، راست - يالغاندىن بولسىمۇ، ھېچىيىپ كۈلۈشۈپ ياخشى كەيپىياتتا ئۆتتى. ئۇلار باشقا ب نېمىلەرنى سۆزلىسە، ئىمىنوف ۋە ئۇنىڭغا قارا ئىش قىلىدىغان ئاساسلىق مېھمانلار رەئىي ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركەزنىڭ ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار قاراتقان سىياسەتلىرىنى، شىنجاڭ خىزمىت توغرىسىدىكى بۇيرۇقلارنى ھەم ئىتتىپاقلىقنى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىشنى سۆزلەپ، ئۇلارن «بۇلار بوش ئەمەسكەن» دېگەن كۆزقاراشق كەلتۈردى.

1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۇ يېرىمىدا يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف مېن ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ: «سىزنى قىسمىمىزنى ئالدىن قەشقەرگە بېرىپ جۇڭگو خەلق ئازادلى ئارمىيىسى 2 - كورپۇسىنىڭ رەھبەرلىكى بىل ئالاقىلاشقۇچىسى قىلىپ بەلگىلىدۇق، ئەتە بىر كۈ ۋاقىت بېرىمىز، ياخشى تەييارلىنىپ ۋاقتىدا يول چىقىڭ، 26 - دېكابىردىن قالماي قەشقەرگە يېتى بېرىپ، كورپۇس كوماندىرى گوفېڭ، كومىس ۋاڭ ئېنماۋ، مۇدىر زوچى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلى رەھبەرلەرگە يولۇقۇپ، ئەھۋالىمىزدىن مەلۇما بېرىڭ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كۆرسەتمىل رىنى بىزگە خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ ۋەزى تاپشۇردى. 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاتلىق يول چىقىپ، يول بويى كۈتۈۋالغۇچى يۇرت باشلىقلى بىلەن ئاممىغا ئازادلىقىمىزنى تەشۋىق قىلىپ قەشقەردىكى 2 - كورپۇس رەھبەرلىرىگ

قىسمىمىزنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئىمىنوف باشلىق رەھبەرلىرىمىزنىڭ سالام ۋە تىلەك - ئارزۇلىرىنى يەتكۈزدۈم، پولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قەشقەردىكى ئابدۇرېھىم ئىمىن (پىتەك)، ئابدۇلھەق ئېزىز، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى، 2 - كورپۇسنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن پولكوۋنىك ئىمىنوف تاپشۇرغان ۋەزىپىلەر ياخشى ئىشلەندى.

1950 - يىلى 3 - يانۋار بولسا كېرەك، پولكوۋنىك ئىمىنوفنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا چوڭ قوشۇنىمىز قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققان ئازادلىق ئارمىيە 2 - كورپۇسىنىڭ باشلىقلىرى، ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى، قەشقەر خەلقىنىڭ قارشى ئالغۇچىلار توپىنىڭ بۇ بېشى بىلەن ئۇ بېشىغا كۆز يەتمەي قالدى. قەشقەر داغدۇغىلىق بايرام تۈسىگە چۈمدى، قەشقەر ئاسمىنىنى ياڭراتقان ناغرا - سۇناي، دۇتار - تەمبۇر، راۋاپ - ساپايى، داقا - دۇمباق ساداسى ئىچىدە قىسمىمىز قوماندانلىق شتابىغا كىردى.

مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قۇرۇش تۈزۈمى بويىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. پولكوۋنىك ئىمىنوف دىۋىزىيە كوماندىرى، دىۋىزىيە پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ 13 -، 14 - دىۋىزىيىسى، 7 پولكى شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف قەشقەردە كومپارتىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رەھبەرلىك يادروسىنىڭ غول رەھبەرلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرى، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

پارتىيە 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1950 - يىلىنىڭ 4 - ئېيىغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈركۈم - تۈركۈم بويىچە، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ناھىيە، پولك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، كوممۇنىزم ئېڭىغا ئىگە، مۇنەۋۋەر كادىرلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا كاندىداتسىز ۋە كاندىداتلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئالدىن قوبۇل قىلىنغان ئىككى تۈركۈمدىكىلەر ئىمىنوف قاتارلىق رەھبەرلەر بولۇپ، كاندىداتسىز قوبۇل قىلىندى. بۇلار يەرلىك مىللەت ئىچىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان كوممۇنىستلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاساس قىلىپ يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇشنىڭ ھەم يەرلىك كومپارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنىڭ نېگىزلىك شەرتى ھازىرلاندى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن كېچىلەپ ئىشلەپ ناھايىتى كۆپ ساندىكى مىللىي كادىرلار بىلەن تونۇشۇپ چىقتى، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىي، ھاكىملىرىنى، سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرىنى، جەنۇبقا چۈشكەن مىللىي ئارمىيە، ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتكەن خەلق ۋەكىللىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىپ كەلگەن يەرلىك ئىلغار كۈچلەر ئىچىدىن تاللاپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇۋەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گەۋدىلىك مەسىلە مىللىي كادىر ئاز، ئېھتىياج زور بولۇش مەسىلىسى ئىدى. پاك - دىيانەتلىك بولۇش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئىمىنوف، سەيپۇللايوف باشلىق يولداشلار شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مىللىي كادىرلارنى «مەخسۇس كۇرسلاردا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش»، «خىزمەت ئورنىدا ئىشىنىپ دادىل ئىشلىتىپ يېتىشتۈرۈش» قوش

فاڭجېنىنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي كادىر يېتىشتۈرۈشنى تېزلەتتى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف يۇقىرى ساپالىق كادىر يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنىڭغا ئۆزى نەمۇنە بولۇپ بەردى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن شانلىق نەمۇنە تىكلەپ بەردى. ئۇ مىللىي كادىرلارغا خۇددى ئۆزىگە تەلەپ قويغاندەك قاتتىق تەلەپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر جەھەتتىن كۆيۈنەتتى، كادىرلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىغا ھەرگىز سۈكۈت قىلمايتتى، ئاشكارا، يۈزمۇيۈز كۆرسىتىپ بېرەتتى، تەنقىد قىلاتتى. بەزىدە قاتتىق تەنقىد قىلاتتى، لېكىن كادىرلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيتتى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف بىلەن بىللە ۋە قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلار ئۇنىڭدىن تەپ تارتىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلىشاتتى. سۆزسىزكى ئۇنىڭدا رەھبىرىي كادىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە ئالىي پەزىلەت مۇجەسسەم ئىدى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف مىللىي كادىرلار سانىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ياش، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى مىللىي كادىرلارنى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۆزى خىزمەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى تولىمۇ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنەتتى ۋە ئۆگەنگىنىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىپ باراتتى. شۇ ۋاقىتتا بىز مىللىي كادىرلاردىكى ئاساسىي مەسىلىلەردىن بىرى خەنزۇچىنى ئوقۇيالماسلىق ياكى ئوقۇساقمۇ تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەسلىك، دېمەكچى بولغىنىمىزنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك ئىدى. بىر كۈنى ئىمىنوف ماڭا: «كەلگىنىڭىزگە بىر ئايدىن ئاشتى، سىز كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەيسىز، ئالدى بىلەن تەشكىلات بۆلۈمى ۋە دۇۋزىيە كومىتېتىدا، ھەر كۈنى ئەتىگەندە خىزمەتكە چۈشۈش بىلەن بىر سائەت مىللىي كادىرلارنىڭ خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگىنىش تۈزۈمىنى

تۇرغۇزۇڭ، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگىنىشنى پۈتۈن ئىدارە بويىچە (جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكوم ئىدارىسى بويىچە) قانات يايدۇرايلى» دەپ كۆرسەتمە بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۆگىنىش باشلاندى، ئۇنۇمى تېز كۆرۈلۈشكە باشلىدى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئىچىمىزدە ھەقىقىي ئىقتىدارلىق رەھبەر ئىدى. چۈنكى كەسپىنى بىلەتتى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق كەسىپ ئىگىسى ئىدى؛ يەنە ئۇنىڭدا كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ بارىدىغان خەنزۇچە تىل - يېزىق، رۇسچە تىل - يېزىق قورالى بار ئىدى؛ خىزمەتنى ئەستايىدىل بىرلىپ ئىشلەيتتى، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقتىنى ھەرگىز مەنىسىز ئۆتكۈزمەي ئەتىكى ئىشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن يېڭى - يېڭى بىلىملەرنى بىرلىپ ئۆگىنەتتى.

1950 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 5 - كورپۇس كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ بىرىنچى قارارىدا ئوقۇۋاتاتتىم. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بولسا كېرەك، غەربىي بىنادا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش زىياپىتىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك بايرىمىغا قاتنىشىدىغان 5 - كورپۇس ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە مېنىڭ بارلىقىم ئوقتۇرۇلدى. مەن خۇشاللىقتا ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. بۇ ئۆمەك مەركەزدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. ئۆمەك 5 - كورپۇسنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بولۇپ 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان، ئۆمەك باشلىقى كورپۇس كوماندىرى پولكوۋنىك لېسكىن، ئۆمەك پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى پولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئىدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ، جۇچۈەن، لەنجۇ، شىئەن شەھەرلىرىنىڭ رەھبەرلىكى، بولۇپمۇ شىئەندە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى پېڭ دېخۇەينىڭ قىزغىن قۇچاقلاپ قارشى ئېلىشى ھەم دەرىجىدىن تاشقىرى كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بېيجىڭدا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى ئالىي مېھمانخانا — بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

مېھمانسارىيىنىڭ يۇقىرى قەۋەتلىرىنىڭ ياخشى ياتاقلىرىدا كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. 30 - سېنتەبىر ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا كەچتە رەئىس ماۋ زېدۇڭ بېرىدىغان تەنتەنىلىك دۆلەت زىياپىتىگە ئۆمىكىمىز بويىچە تولۇق قاتنىشىدىغانلىقىمىز، زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ باشلىق پارتىيە، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتۇق. چاقماق تېزلىكىدە ئۆمەك يىغىنى ئېچىلدى. سېكرېتار مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقىدا ھەربىي بۇيرۇقچە، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش، ئەدەب - قائىدە، كىيىنىش، روھىي قىياپەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئەستايىدىل تەييارلىنىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى. ئارمىيىمىزنىڭ كىيىم فورمىلىرى قاتارغا ئۆتىدىكەن، بىر - بىرىمىزنى تۈزەشتۈرۈپ، تەييارلىقىمىز شۇنچە پۇختا ئىشلەندىكى، دۆلەت زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقى، چاۋشەن خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەت ئارمىيە ۋەكىللىرى ئۆمەكلىرىدىن زادىمۇ قېلىشمىدۇق.

زىياپەت زالى ئىشىكىنىڭ ئىككى قانىتىدا سۆيۈملۈك جۇ ئېنلەي زۇڭلى، دېڭ يىڭچاۋ ئاچىلار ئىسسىق قوللىرى بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ: «خۇش كەپسىز، قارشى ئالىمىز»، «مەرھەمەت قىلىڭىزلەر» دەپ يېقىملىق ئوچۇق چىرايلىرى بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىشىپ، زىياپەت تۆرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇشتى. زىياپەت تۆرىدىن تەرەپ - تەرەپكە چاقناۋاتقان پارلاق نۇرلار كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، پۈتۈن زىياپەت زالىنى نۇرغا چۆمدۈرۈپ تۇراتتى. ئاجايىپ قامەتلىك رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە لىيۇ شاۋچى، جۇدې قاتارلىق پارتىيە - دۆلەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا مېھمانلارغا قول سۇنۇۋاتاتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ ھەر بىرىمىز بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ: «ياخشىمۇسىز، ئامانلىق ھەمراھ بولغاي!» دەپ تىنچلىق سوراپ خۇشاللىققا چۆمدۈرۈۋەتتى. رەھبىرىمىز ئىمىنوف خەنزۇ تىلىنى خېلى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يوللىغان سالىمىنى، ئالىي ھۆرمەتلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى يەتكۈزۈپ، رەئىسنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى.

1 - ئۆكتەبىر تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق چوڭ تەنتەنىلىك بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرەك سەھنىسىدىن ئۆمىكىمىزگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇن تيەنئەنمېن راۋىقىغا يېقىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغان ياخشى جاي ئىكەن. بايرام كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى، قۇياش ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرىنى تيەنئەنمېن ئۈستىگە چېچىپ تۇراتتى، بىر كۆزىمىز تيەنئەنمېن راۋىقى ئۈستىدە، رەئىس ماۋ زېدۇڭدا، ئۇنىڭ يېقىن سەبداشلىرىدا، بىر كۆزىمىز تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسىدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەيۋەتلىك پارات قوشۇنىدا ئىدى، بىز چەكسىز ھاياجان ئىچىدە «ياشىسۇن رەئىس ماۋ زېدۇڭ!»، «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!» دەپ جاھاننى زىل - زىلىگە سېلىپ، سەكرىشىپ كەتتۇق. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف تېخىمۇ ھەيۋەت شادلاندى.

3 - ئۆكتەبىر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ باش قوماندانى جۇدې خوئېرېنتاڭدا ئۆمىكىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئالىي ھەربىي قوماندانلاردىن نې رۇڭجېن، لو رۇڭخۇەنلەر قوبۇل قىلىشتا بىللە بولدى. باش قوماندان 5 - كورپۇسنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى خورىتىش، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيىسىنى ئېسكەنجىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئازاد قىلىنىشىدا ئوينىغان مۇھىم رولى ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. باش قوماندان: «شىنجاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ساغلام، كۈچلۈك بولىدىكەن، سىلەر ئات مىنىشكە ماھىر، ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاتلىق قىسمىنى سىلەردىن ئېلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، يەرلىك قوراللىق قوشۇنلارغىمۇ سىلەردىن كۆپرەك ئېلىش، ھەتتا سىلەردىن ھاۋا ئارمىيىسىگىمۇ قوبۇل

www.uyghurkitap.com

قىلىش كېرەك»... دېگەن مەزمۇندا سۆزلەپ، بىزنى ئىلھاملاندۇردى. ئىمىنوۋ ئۆمەك نامىدىن باش قوماندانغا، ئالىي ھەربىي قوماندانلارغا سەمىمىي ھۆرمىتىمىزنى بىلدۇرۇپ، كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىقىمىزنى ئىزھار قىلدى؛ «باش قوماندان شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىكەن. باش قوماندان كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەت خەلقىنىڭ بەدەن سۈپىتى ياخشىراق كېلىدۇ، ياشلىرى ھەربىي ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدىغان يارامىلىق كېلىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ تۆرلۈك قۇرۇلۇشىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىدىن قوبۇل قىلىپ يېتىشتۇرۇپ بېرىشكە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ كۆپرەك غەمخورلۇق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى.

ئۆمىكىمىزدىكىلەرنىڭ بېيجىڭغا تۇنجى قېتىم بېرىشى ئىدى. دەرۋەقە ئۇ ۋاقىتتىكى بېيجىڭ ھازىرقى بېيجىڭغا ئوخشىمايتتى. ھازىر ئالەمچە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

بىز تۇرۇۋاتقان بېيجىڭ مېھمانسارىيىغا يانداش قايناق سودا كوچىسى ۋاڭفۇجىڭ ئىدى. دەل شۇ كۈنلەردە ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى قانىتىغا يېيىلغان كونا ماللار سېتىلىدىغان يايما بازار بېيجىڭغا سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىپ تۇراتتى. كونا ماللار بازىرىدا گومىنداڭنىڭ بېيىپ كەتكەن ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ، تەيۋەنگە كېتىشكەن ئەمەلدارلار، گومىنداڭنىڭ ھىمايىسىدە بېيىپ كەتكەن سودا - سانائەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئېسىل كىيىم - كېچەكلىرى، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق ھەرخىل بۇيۇملار سېتىلاتتى. كونا بۇيۇملار ھەيران قالغۇدەك ئەرزان بولۇپ، ۋاقتىمىز چىقسىلا كونا ماللار بازىرىغا چاپاتتۇق. ئىمىنوف ئۇنداق قىلمىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا خەلق، مىللەتلا بار ئىكەن. بوش ۋاقىتلىرىدا بازارغا چىقىپ، دۇكانمۇ دۇكان ئارىلايتتى، ئىزدەيدىغىنى باشقىلىرىمىز ئۇچۇن «نەدىكى بىرنىمە» لەر ئىدى. يەنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە، قاتناش ئىشلىرىغا، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقىغا

ھەتتا ئاياللىرىمىز ئائىلە تۇرمۇشىدا ئىشلىتىدىغ ئەسۋابلىرىغا كېرەكلىك زاپچاس، سىخىم ئۆزگەرتىپ ياساشقا ئائىت قوللانمىلار ئىدى. بۇلار، ھۈنەر - سەنئىتىمىزنى، قول سانائىتىمىزنى يې باسقۇچقا ئېلىپ كىرىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشق مېھنەتكەشلىرىمىزنىڭ ئېغىر ئەمگەك سىڭدۈرۈشنى يەڭگىللىتىشتە كېرەكلىك نەرسىلەر ئىدى. ھەلبەتتە كونا ماللار بازىرى ئەسلىدە چەتتىن كەلگۈچىل ئۈچۈن ئامەت ئىدى. نەچچە مىڭ يۈەنلىك پار - پۇر كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەرۋايىت، ئالتۇن زىبۇ زىننەت جابدۇقلار باھاسى بىكارنىڭ ئورنى تۇرسىمۇ، ئارىمىزدىن ئىمىنوفتەك نەزەرمۇ سېلى قويماي، خەلق غېمىنى يېگۈچىلەردىن ئىككىنچ بىرىمىز چىقمىدۇق.

ئۆمىكىمىز تيەنجىنگە زىيارەتكە باردى تيەنجىندە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 20 بىڭتۇەننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. رەھبەرلىك تيەنجى شەھەر مەنزىرىلىرىنى، تارىخىي ئورۇنلارنى، ئاسار ئەتىقىلەرنى، بىڭتۇەننىڭ ھەممە مۇھىم ئورۇنلىرىن دېگۈدەك ساياھەت قىلدۇرۇپ ئويناتتى. ئاخىرقى كۈنى بىڭتۇەننىڭ قوشۇمچە يېزا ئىگىلى ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇۋاتقاند يولداش ئىمىنوفنىڭ كۆزى شال پاخىلىدىن كۆلا ئارغامچا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان «ئاددىي» قول مەشغۇلاتىغا زەڭ سېلى تۇرۇپ قالدى. بىرنەچچە جەڭچى خۇددى ۋېلسىپىتتەك پۇتتا، قولدا ئايلاندۇرىدىغان چاقت «كۆلا» (پاخال ئارغامچىسى)، تاغار، يىپ قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىكەن، بۇنداق بىر ئىشقا كىممۇ نەزەر سالسۇن، يەنە شۇ خەلق غەمگۇزارى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف! بىڭتۇەن رەھبەرلىرى: «بىزدە نۇرغۇن شال پاخاللىرى ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى، ھازىر مانا مۇنداق ئاددىي ئۈسكۈنىلەر بىلەن كۆلا، پالاس، تاغار قاتارلىقلارنى توقۇپ كىرىم قىلىۋاتىمىز، بۇنىڭ بازىرى ئىتتىك، تەننەرخى تۆۋەن، كىرىمى ياخشى» دەپ تونۇشتۇردى. ئىمىنوف: «شۇ ئەمەسمۇ، بىزدە شال پاخاللىرى ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا پاخاللار

جىق، ئۇلار ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، بىزدە ئارغامچا كۆپ ئىشلىنىدۇ، ئەمما يۇڭدىن ئېشىمىز، شۇنىڭدەك ھەممىگىلا ئىشلەيدىغان پالاز، تاغارلارنىمۇ يۇڭدىن، پاختا يىپتىن توقۇيمىز، يۇڭ، پاختا كۆپ ئىسراپ بولىدۇ، مال باققۇچىلىرىمىز يۇڭدىن، كېۋەز تېرىغۇچىلىرىمىز پاختىدىن ھېچ قانچە كىرىم قىلالمايدۇ، بولمىسا يۇڭ، پاختىنىڭ ئىچكى - سىرتقى بازىرى ئوبدان، بىز بەك چارىسىزكەنمىز، - دېدى ۋە كۇلا - ئارغامچا ئېشىدىغان چاققا سەپ سېلىپ قاراپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆزى ئاددىي، توك تەلەپ قىلمايدىكەن، ھەرقانداق يەردە ئىشلەتكىلى بولىدىكەن، ھەرقانداق ئادەم بىمالال ئىشلىتەلەيدىكەن، قاراڭ! قارىماققا شۇنچە ئاددىي، توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ئالتۇننىڭ قىممىتى نېمە دېگەن چوڭ - ھە! ».

بىر ئەھمىيەت بەرمىگەن بۇ ئاددىي ئۇسكۇنىلەر نېمە ئۈچۈن يولداش ئىمىنوفنىڭ شۇنچە دىققىتىنى تارتتى؟ ئېكىسكۇرسىيىدىن قايتقىچە ئىمىنوف بۇنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارغا بېرىدىغان پايدىسىنى ھېساب قىلىپ بوپتۇ.

كەچلىك زىياپەتتە ئۆمىكىمىزنىڭ بېيجىڭغا قايتىشى، ئەتىسى يولداش لى ۋېنخەننىڭ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىگە بېرىدىغان دوكلاتىنى ئاڭلاشقا قاتنىشىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. زىياپەتتىن چىقىشىمىزغا ھېلىقى چاقلاردىن سوۋغىلار تەييار قىلىپ قويۇلۇپتۇ. ئىمىنوف كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىپ: «يولىمىز يىراق، قاتناش قىيىن، بۇلارنى ئۆز يېتى ئېلىپ كېتەلمەيمىز، ماۋۇ بىرىنىلا ئەۋرىشكە قىلىپ ئېلىۋالايلى» دەپ كۇلا ئارغامچا ئېشىدىغان چاقنى كۆرسەتتى. كەچ سائەت 8 نىڭ پويىزىدا مېڭىشقا ئالدىراپ قالدۇق. سوۋغات بۇ قېتىمقى پويىزدا ئېلىپ مېڭىشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكتىن كېيىنكى پويىزدا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

× × ×

1951 - يىلى قەشقەردە چەتكە باغلانغان، مەلۇم دۆلەتنىڭ پىلانلىشى، قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن يېڭى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش تەشكىلاتى» پاش قىلىنىپ، بىرمۇنچە كىشى قامالدى، بىرمۇنچىلىرى خەلق نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى. ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش تەشكىلاتىغا بىزنىڭ 13 - دىۋىزىيىدىن ئون نەچچە ئوفىتسېر - جەڭچى قاتناشقان، بىرقانچىلىرى تەشكىلاتنىڭ غول ئۇنسۇرلىرى ئىكەن. بۇ، چەت ئەلنىڭ قولىدىكى ئىنتايىن خەتەرلىك تەشكىلات بولغىنى ئۈچۈن، قەشقەردىن ئۆلكىگىچە، ئۆلكىدىن غەربىي شىمالغىچە، ھەتتا مەركەزگىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىكىنىڭ قاتتىق دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپتۇ.

1952 - يىلنىڭ 9 - ياكى 10 - ئېيىدا بولسا كېرەك، ئىمىنوف غۇلجىغا كېلىپ 3 - 4 كۈن تۇرۇپ، قەشقەرگە قايتتى ۋە كورپۇس رەھبەرلىرىنى يوقلاپ ئائىلىلەرنى پەتىلىدى. پېقىرنىڭ ئۆيىدە پاراڭلىشىۋېتىپ: «. . . بۇ دېلو كورپۇسنىڭ تەستىقىغا يوللىنىپ قالار، دېلو ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغۇچى ئايرىم كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ باشقىچە پىكرى باردەك» دېگەن سۆزنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. 1953 - يىل 3 - ئايدا ئۇ دېلو 5 - كورپۇسنىڭ تەستىقلىشىغا تاپشۇرۇلدى. تەستىقلاشقا سۇنۇلغان ماتېرىيالدا بىزنىڭ 13 - دىۋىزىيىدىن مەزكۇر دېلوغا قاتناشقان 6 نەپەر باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى، بىرقانچىسىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانىكەن. كورپۇس رەھبەرلىكى دېلونى ئاۋۋال كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىدا، مۇھاپىزەت، رازۋېت تارماقلىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، كورپۇس پارتكومىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ئۈچۈن كونكرېت پىكىر تەييارلىشىغا تاپشۇردى.

3 ئايدىن كېيىن بىرنەپەر كورپۇس رەھبىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا كورپۇس سىياسىي بۆلۈمى، سوت، مۇھاپىزەت، تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتنىشىپ، كورپۇس پارتكومىنىڭ مۇزاكىرىسىگە پىكىر تەييارلاش ئۈچۈن دېلونى ئالدىن مۇزاكىرە قىلىشنى باشلىدۇق. بىرىنچى كۈنى سوت، مۇھاپىزەت بۆلۈملىرى دېلونى كۆرۈپ چىققانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى. ئەتىسىدىن باشلاپ، دېلونى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىشقا چۈشتۇق. بىر كۈن تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاخىرى كۆپچىلىك بىرىنچى باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش

ھۆكۈمگە قوشۇلۇشتۇق. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرى 2 ـ، 3 ـ نومۇرلۇق باش جىنايەتچىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلىشتۇرۇپ، مۇزاكىرە قىلغاندا تالاش ـ تارتىش جىق بولدى. ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھۆكۈمى ئۈستىدە بىر پىكىرگە كېلىشەلمىدۇق. تۆتىنچى كۈندىكى مۇزاكىرىدە دېلو مۇزاكىرە قىلىنمىدى. مۇھىمى: دېلو قەشقەردە يۈز بەرگەن، دېلونى پاش قىلىپ، سوراقنى تۈگىتىپ دېلو ئاياغلاشتۇرغۇچى كورپۇسىمىزنىڭ قانۇن ساھەلىرى بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى. شۇنچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى، شۇنچىلىرىغا مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىكەن. بىز بۇ دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيتتۇق. شۇڭا، كورپۇس پارتكومىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بۇ دېلونى تەستىقلىشى تەس ئىدى. بىز مۇشۇنداق ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، «كورپۇس پارتكومىغا بۇ دېلونى مۇزاكىرە قىلماي قايتۇرۇۋېتىش، زۆرۈر بولسا، كورپۇس مەسئۇل ئادەم چىقىرىپ، دېلو يۈز بەرگەن ئورۇنغا ئەۋەتىپ، دېلونى ئىشلىگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە قايتا كۆرۈپ چىقىپ، دوكلات سۇنغاندىن كېيىن مۇزاكىرە قىلىش لازىم» دېگەن پىكرىمىزنى بېرىپ، مۇزاكىرىنى توختىتىش قارارىغا كەلدۇق.

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىرقەدەر سىياسىي سەۋىيىلىك رەھبەرلەر ئىدى. دېلو ئۈستىدە يۇقىرىقىدەك غۇلغۇلا ۋە ئوخشاشمىغان قاراشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئىمىنوفنىڭ يېرىم يىل ئىلگىرى بۇ دېلو ئۈستىدە ماڭا بەرگەن بىر جۈملە بىشارىتى يەنە باشقا ئۈچ نەپەر مەسئۇل خادىمغىمۇ بېرىلىپتىكەن. بۇ بىشارەت بىزنىڭ ئېھتىياتچانلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1953 ـ يىل 8 ـ ئايدا قەشقەرگە ئائىلە يوقلاپ باردىم. بۇ چاغدا مەرھۇم ئىمىنوف ھامۇت جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سەنمۇجاڭى ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭى شەھەرگە چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى ۋە ھەربىي رايون باشلىقلىرىغا سالام بېرىپ يوقلىدىم. جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان يولداش زو چى بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ئۇ: «ئوبدان بولدى، ياخشى كەلدىڭىز، سىز 5 ـ كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، سىز قايتماي قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، ھازىرغىچە بىرتەرەپ قىلىنماي كېلىۋاتقان ھېلىقى «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش تەشكىلاتى» دېلوسىنى 5 ـ كورپۇسقا ۋاكالىتەن بىرتەرەپ قىلىۋېتىپ كېتىڭ، ھازىرلا 5 ـ كورپۇسقا تېلېگىراما يوللايمەن» دەپلا تېلېگىراما تېكىستىنى يېزىپ، كاتىپىنىڭ يوللىۋېتىشىگە تاپشۇردى. ئاندىن يولداش چىگو (جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ دائىمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل 3 ـ سېكرېتارى) قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارمۇ يولداش زو چى دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى. كونا شەھەرگە قايتىۋېتىپ، يولداش ئىمىنوف ھامۇت ماڭا «بۇرادەر، ئالدىرىمايلى، قەشقەردە كۆپرەك تۇرايلى، قەشقەرنىڭ تازا ئوبدان ۋاقتى ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى پىكىرلەر ئەسلى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ تەكلىپى، بۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى ھەربىي رايون رەھبەرلىرى قوشۇلۇشقان، بىرلىكتە بۇ دېلونى بىرتەرەپ قىلىۋېتەيلى» دېدى. ئىككىنچى كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ 4 ـ سېكرېتارى ئىمىنوف بىلەن ئايرىم ئۇچراشتىم، ئۇ: «بۇ دېلو ناھايىتى چوڭ ئىش بولۇپ كەتتى، بۇ يەردىكىلەردىن باشقا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگىنىمۇ قوزغالدى. غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي رايونىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، مەركەز خەۋەر تېپىپ، بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگىنى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن توغرا بىرتەرەپ قىلىش» يوللىرىنى كۆرسىتىپ تۇردى، قوغلاپ پاش قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، سوراق ئاخىرلىشىپ «جىنايەتچى» لەر ئۈستىدىن ھۆكۈم بېكىتىلىپ دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇۋاتقاندا، بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمگە نارازىلىقى بولدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاتاقلىق رازۋېتچىكلىرىنىڭ بۇ دېلوغا قارىتا ئوخشىمايدىغان پىكرى بوپتۇ، غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ

دېلونى تەتقىق قىلغۇچى خادىملىرىدىمۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەر بازدەك قىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى ۋە ھەربىي رايونىدىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ دېلونى قايتا قاراپ چىقىش لازىم دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، دېلونى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قايتا قاراپ چىقىشىمىز لازىم؛ پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بولۇپمۇ ئادەم مەسىلىسىدە تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم؛ دېلو پاش قىلىنىپ ئاخىرىغىچە ئىشلىگەن خادىملارنىڭ ھەممىسى بار، ھەربىي رايون، غەربىي شىمال ھەربىي رايونىدىن قول سېلىپ تەتقىق قىلغۇچى خادىملارنىڭ بىرقانچىلىرى بار، دېلونى قايتا قاراپ چىقىشتا پاكىتنى ئاساس، سىياسەتنى تۇتقا قىلىشىمىز، ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويالىشىمىز ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئويلىشىشىمىز لازىم، يولۇققان مەسىلىلەرنى رەھبەرلىككە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ يوليورۇقى ۋە قوللاشلىرىغا ئېرىشىپ تۇرۇشىمىز لازىم» دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئىككى يېرىم ئاي جەريانىدا، ھەرقايسى تەرەپ يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىق «دېلونى قايتا قاراپ چىقىش» ئىشى ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، رەھبەرلىككە دوكلات سۇنۇلدى. خۇلاسە ئومۇمەن مۇنداق بولدى: «چەتكە باغلانغان ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش دېلوسى» ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، دېلو بىكار قىلىنىشى لازىم، قاماقتىكىلەر قويۇپ بېرىلىشى، ئامىمىنىڭ نازارىتى ئېلىپ تاشلىنىشى، خەلق كۆڭلى خاتىرجەم قىلىنىپ، جەمئىيەت تىنچلاندۇرۇلۇشى لازىم. دېلوغا چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى خىزمەتلىرى ھەركىمنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بويىچە تولۇق، توغرا بىرتەرەپ قىلىنىشى لازىم، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئىلگىرى دېلونىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشتە ئاساس قىلىنغان «xxx دۆلەت كونسۇلىنىڭ دەل ئۆز ئىمزاسى، كونسۇلخانىنىڭ سوقچاق ئۆيىدىكى مەجلىستىكى تاپشۇرۇقلىرى» دېگەندەك «قىل سىغمايدىغان پاكىت» لار يالغان بولۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن دېلو بىرمۇنچە ياخشى كادىرلارغا بېرىپ چېتىلاتتى، بىرنەچچە ياخشى كادىرلار ئۈستىدە گۇمان تۇغدۇرغانىدى. يۇقىرىقى دېلو مەسىلىسىدە ئىمىنوف مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. تېخىمۇ قىممەتلىكى، بۇ تالانت ئىگىسى قايىل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى، ھەربىي رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىمىنوفنىڭ كادىرلارغا نىسبەتەن پرىنسىپچانلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ يېقىنلىرىنى ئەمەس، ياخشىلارنى ئىشقا قوياتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ شەخسىيەتچىلىك بىلەن گۇرۇھ بولۇۋالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كادىرلارنىڭ ھەر جاي، ھەر ساھە، ھەر مىللەتتىن بولۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى ۋە شۇنداق بولۇشىغا كۈچ چىقىراتتى. 1955 - يىلىنىڭ خېلى بىر ۋاقىتلىرىغىچە ھېلىقى دېلودىكى «تايانچ» لاردىن بىرنەچچىسىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى، بۇ بىر نەچچىسىنىڭ ئەسلى خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەي، ئۆزلىرىگە لايىق يېڭىدىن خىزمەت تەقسىم قىلىنغان لايىھىنى سېكرېتار ئىمىنوفنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردۇق. ئىمىنوف لايىھىگە قوشۇلدى ۋە مۇنداق دېدى: «بۇ 7 كىشى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى، ئاقلاندى، چوڭ جىنايىتى بولمىغىنى بىلەن باشقا ياقلاردىن ئېغىر كەمچىلىك - خاتالىقلىرى بار. ئۇلار ئارمىيىمىزنىڭ شەنىگە، 13 - دىۋىزىيىنىڭ شەنىگە يامان تەسىر بېرىشتى، ئىلگىرى خىزمىتى ھەربىي ئوفىتسېرلىك خىزمەت ئىدى. بۇ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ، بىراق يەرلىككە مەمۇرىي خىزمەت بىلەن چۈشۈرۈش توغرا. ئۇلارغا كەمچىلىك، يېتىشسىزلىكلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىپ ياخشى كادىرلاردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مانا بۇ ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىك بولىدۇ». ئاخىرىدا ئىمىنوف بۇ كىشىلەرنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ ياردەم قىلىپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتىدىن ئالاھىدە تەكىتلىدى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قەلەمدىمۇ - ئەلەمدىمۇ بار، ئەتراپلىق يېتىلىۋاتقان ئۇمىدلىك ئىختىساس ئىگىسى ئىدى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان، سانائەت - قاتناش كەسپى ئەھلى بولۇپ، خىزمەتداشلىرى ئۆز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سانائەت - قاتناشنىڭ بۇ نوپۇزلۇق رەھبىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

يولداش ئىمىنوف ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۇمىدى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بولسا، زامانىۋى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدا، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىمۇ مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدا بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھاياتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى ھېسابلانغان سانائەت - قاتناش قۇرۇلۇشى بىلەن بەنت بولسىمۇ، مىللىي مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئالايلۇق، ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا، مالىيە خام چوتىنى تەقسىملەپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا مائارىپنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ بىرىشكە كۈچ چىقىراتتى؛ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئاما ئىچىگە بارغاندا، مەكتەپلەرگە بىرىپ، ئاساسىي مائارىپ ئەھۋالى بىلەن تونۇشاتتى، مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى سۈرۈشتۈرەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئىززەتلەيتتى، دوست تۇتاتتى، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە بەرگەن تەكلىپلىرىنى، پىكىر، تەنقىتلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئاڭلايتتى.

1957 - يىلى خوتەندە ئىككى رايوننىڭ مەركىزى مەكتەپلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتىمىزنىڭ بەك تۆۋەنلىكىنى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ھەسرەتلەندى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ غېرىبانە قىياپىتىگە، مۆكچىيىپ يۈرگەن دېھقانلىرىمىزنىڭ نۇرسىز چىرايلىرىغا بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئالاھىدە سەپ سېلىپ، ئۆزۈنىچە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «كەمبەغەللىك مانا، كەمبەغەللىكنىڭ يىلتىزى مانا، خەلقىمىز بىيىسا، مائارىپىمىز تەرەققىي تاپالايدۇ، مائارىپىمىز تەرەققىي قىلسا، مۇشۇ خەلقىمىزنىڭ غېرىبانە قىياپىتى ئۆزگەرسە، ساپاسى يېڭىلانسا، خەلقىمىزنىڭ بېيىشى تېزلىشىدۇ» دېگەنىدى.

مەھەللە ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، سائەت 11 بولاي دەپ قاپتۇ، ئىمىنوف: «مۇشۇ يەردە بىر - ئىككى ئائىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى» دەپ ماشىنىنى توختاتقۇزدى. ئېرىق بويىدىكى خىلى كۆزكەم بىر ھويلىغا كىردۇق. ئائىلىدە 5 جان بار ئىكەن، ئاتا - ئانا ئوتتۇرا ياش بولۇپ، بىر ئوغۇل، بىر قىزى ئەمدىلەتىن ئەمگەككە يارىغان، ئۆزلىرى خېلىلا تىمەن كىشىلەردىن ئىكەن، بىز كىرگەندە ھويلا پېشايۋىنىدا ئۇماچ ئىچىشىۋېتىپتۇ. ئىچىۋاتقىنى ئورامغا كېلىپ قالغان بىدە كۆكىنى قورۇق سۇغىلا سېلىپ ئەتكەن ئۇماچ ئىكەن. يولداش ئىمىنوف تەكلىپ قىلىنغان ئورۇندا چەزا قورۇپ چىرايلىق ئولتۇرۇپ، سۇنغان بىر ساپال قاچا ئۇماچنى پاك - پاكىز ئىچىۋېتىپ، خۇش چىرايى بىلەن ئېچىلىپ تۇرۇپ رەھمەت دۇئاسىنى بەردى.

— بۇ چۈشلۈك تامىقىڭىزلارمۇ؟ -دەپ سورىدى ئۇ.

— يوقسۇنا، ئەتىگەنلىك تامىقىمىز.

— ھازىر چۈش بولاي دەپ قالدىغۇ؟

— ئەتىگەندە ئۇلاغقا قارىۋېتىپ ئەمگەككە كېتىمىز، نورمىمىزنى تۈگىتىپ كېلىپ تاماق يېيەلەيمىز.

— بۈگۈن ئۇماچ ئىچتۇق، ئەتىچۇ؟ بۇنىڭ بولغىنىغىمۇ مىڭ شۈكرە غوجام، بەك كەمبەغەلمىز.

— سىلىچە قانداق قىلساق باي بولالايمىز؟

— باي بولۇش؟ چۈشىمىزدىمۇ يوق غوجام، بۇنىڭغىمۇ شۈكرە، پارتىيە بار، ئاللا بار.

— سىلەرنىڭمۇ ئويلايدىغىنىڭلار باردۇ؟

— ياقەي غوجام، دېھقان دېگەن مالغا ئوخشايمىز، نەگە دېسە شۇ ياققا ماڭىمىز، بىز قانداقمۇ ئويلىيالايمىز.

— بالىلار ئۇخلىدىمۇ؟ ئىككىڭلار ئۇخلىغانمۇ؟

— ياق، ھەممىمىز قاراتۇرۇپ دېسىلە.

يولداش ئىمىنوف يول بويى ئۈندىمەي ئويلاپ ماڭدى. بىر يەرگە كەلگەندە ماشىنىنى توختاتتى. ھەممىمىز ماشىنىدىن چۈشۈپ بىرئاز ئارام ئالدۇق. ئىمىنوف تاماكىسىنى چېكىۋېتىپ مۇنداق دېدى: «ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ، مەسئۇلىيىتىمىز نېمە دېگەن ئېغىر ھە! مۇشۇ كەمبەغەللىكنى، ئاشۇ نادانلىقنى يوقىتىشىمىز كېرەك. بىلەمسىلەر، بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيمىز. ئاشۇ بىچارىلەرنى بەختلىك تۇرمۇشقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىز يەنە كۆپ تەر تۆكۈشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق ئەمەلدار بولۇپ نېمە قىلىمىز؟ بىز ئەمەلدار ئەمەس، بىز ئاشۇ ئويلاشنى بىلمەيدىغان، نەگە باشلىسا شۇ ياققا كېتىۋېرىدىغان جاپاكەش ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ چاكىرىمىز؛ بىز چوقۇم مائارىپىمىزنى، ئىقتىسادىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ دەرۋەقە بۇ مۇشكۇل ۋەزىپە، بۇ تارىخنىڭ بىزگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتى» . شۇ تەرىقىدە ئۇ تولىمۇ چوڭقۇر، تولىمۇ تەسىرلىك سۆزلەپ كەتتى. بۇ غايە بۈگۈن رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى مەرھۇم كۆرەلمەي ئارماندا كەتتى.

مەرھۇم ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن شادلىناتتى. ئۇنىڭ دائىم ئۇيغۇر تارىخىي داستانلىرىنى، شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنى، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇچرىتاتتىم. ئۇ قولىدىكى كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ۋاقىت يوق، ۋاقىت چىقىپ قالغاندا، ئاساسلىقى ئەتىگەن، ئاخشىمى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئوقۇيمەن، ۋاقىت يوق دېگەندىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ ئوقۇپ تۇرىمەن، كىتاب ئوقۇش بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشنى بىلىش بۈگۈنكىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەينىكى بولىدۇ» دەيتتى. ئۇ ھەقىقەتەن كىتابخۇمار ئىدى. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نامايەندىلىرىنىمۇ، شۇنداقلا زاماندىش ئەدىب ۋە سەنئەتچىلەرنىمۇ قەدىرلەيتتى. يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان ياش يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن

تولىمۇ زوقلىناتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىمىنوفنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئىچىدە، يازغۇچىلار، سەنئەتچىلەر كۆپ ئىدى. ئالايلۇق، تۇرداخۇنكام، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجايۇف قاتارلىقلار ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئىدى.

1955 - يىلىنىڭ 1 - ئېيىدا ھەربىيدىن كەسىپ ئۆزگەرتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىگە خىزمەتكە باردىم. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ 4 - سېكرېتارى (ۋاڭ ئېنماۋ 1 - سېكرېتارى، زوچى 2 - سېكرېتارى، چىگو 3 - سېكرېتارى، ) ئىدى. يولداش چىگو كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل سېكرېتار ئىدى، ئەمەلىيەتتە چىگو ئىمىنوف بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشاتتى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. يولداش قاسىمجان قەمبىرى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، يولداش مۇھەممەتئىمىن خەلپەتھاجىيوف باش كاتىپ ئىدى. مەن خىزمەتكە چۈشۈپ بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئىمىنوف، قاسىمجان ئاكىلار 12 مۇقامنىڭ پېشىۋاسى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىشىنى سىنىغا ئېلىۋاتقان سورۇنغا مېنىمۇ ئېلىپ باردى. ئىمىنوفلار مىدىر قىلىشماي ئاڭلاشتىكى، ئۆتۈپ كەتكەن 3 سائەت ۋاقىتنى بىلىشمەي قېلىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مېنىمۇ تاشلىماي ئېلىپ بارىدىغان بولۇشتى. كېيىنرەك بىر نۆۋەت مەن يولداش ئىمىنوفقا: «بۆلۈمدە كادىر ئاز، ئىش بېسىپ كەتتى، مەن بارمىساممۇ بولارمۇ؟» دېدىم. ئىمىنوف: «بولمايدۇ، 12 مۇقام ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ جەۋھىرى، بىباھا گۆھەر، تارىخى ئۇزۇن، نۇرغۇن قىسىملىرى كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ، بەختىمىزگە تۇرداخۇنكام 12 مۇقامنىڭ ئاساسىنى بىزگە يەتكۈزۈپ كەلدى. قېرىش، رەتلەش، ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ھازىر ئەڭ چوڭ ئىشلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ قالدى؛ سىز ئادەم (كادىر) خىزمىتىنى ئىشلەيسىز، بىلەمسىز، 12 مۇقامنى سىنىغا ئېلىۋاتقان سورۇندا مۇھىم كادىر خىزمىتى بار. تۇرداخۇنكامدىن سىنىغا ئېلىۋېلىپ،

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىمىز. تۇرداخۇنكام، ئوغۇللىرى قاتارلىقلار چوڭ ئالىملار، كادىرلار تۈزۈمىمىز بويىچە بۇلارنى دۆلەت كادىرلىرى ئىچىگە ئېلىشىمىز، دۆلەت كادىرلىرى بەھرىمەن بولىدىغان تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىشىمىز، بەلكىم ئۇلارغا يۇقىرى پەخرى نام، ھۆرمەت ئورنى بېرىپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى، مائاش، تۇرار جايلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىزنىڭ ئۆزى كادىرلار خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ؛ شۇنداق قىلالىساق 12 مۇقام تولۇق قېزىلىدۇ، تولۇق سىمغا ئېلىنىدۇ، ئەسلى ئاساسىدا قايتا رەتلىنىپ، پارلاق نۇرىنى چېچىپ، خەلقىمىزگە، سوتسىيالىستىك ئېلىمىزگە ئوبدان خىزمەت قىلالايدۇ، شۇنداققۇ دەيمەن؟» دەپ تەسىرلەندۈرۈپ بىللە ئېلىپ باردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يولداش ئىمىنوف تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇرداخۇنكامنى ئىزدەپ تاپتى. يەكەندىن قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى، قىيىنچىلىقلارغا قارىماي چىرايلىق ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىن كەسىپ ئەھلىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ 12 مۇقامنى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىرىنچى بولۇپ باشتىن - ئاخىرىغىچە سىمغا ئېلىشنى كاپالەتلەندۈردى؛ سىمغا ئېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون، قەشقەرلەردىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، قايتىدىن رەتلەپ چىقىشقا ئاساس سالدى.

يولداش ئىمىنوف ياخشى كۆڭلى بىلەن ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەينەن مەلۇم قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئىجابىي پىكرىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، 1958 - يىلىنىڭ باھارىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى مەركەز قىلغان ئىستىل تۈزىتىش كېڭەيتىلگەن چوڭ يىغىنىدا خاتا ھالدا تەنقىت قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ قوشۇمچە نازىرلىقى قاتارلىق بىرقاتار مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىدىنمۇ قالدۇرۇشتەك ئېغىر پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلىپ، بېيجىڭدىكى ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. پارتىيىمىز ئىچىدە سولچىللىق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، راست گەپ قىلىش گۇناھ ھېسابلاندى. ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن پارتىيە، دۆلەت خىزمىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن پىكىر - تەكلىپ بەرگەنلەر زەربىگە ئۇچرىماي قالمىدى.

مەن بۇ ئەسلىمەمنى يېزىش جەريانىدا يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ 1958 -، 1959 - يىللىرى ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندا يازغان تۆت چوڭ دەپتەر، نەچچە يۈز بەتلىك دەرس خاتىرىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. خاتىرىدە ئۈچ نۇقتا ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقادى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىكى؛ ئۆمۈر بويىچە جان - دىلى بىلەن خەلققە، مىللەتكە ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ پاك تېنىگە ھەرگىز داغ تەككۈزمەسلىكتىن ئىبارەت ماركسىستىك ئىرادىسىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، 1958 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد پۈتۈنلەي خاتا بولغاننىڭ ئۈستىگە ئاشۇرۇۋېتىلگەن؛ بېرىلگەن جازا ھەم خاتا، ھەم ئېغىر بولۇپ، ئۇۋال قىلىنغان. ھەرقانچە چېنىقىپ پىشىپ كەتكەن، پارتىيىگە ھەرقانچە سەمىمىي، سادىق دەيدىغان پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرنىڭ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ خىل ناھەقچىلىقنى ئىدىيىسىدىن دەررۇ ئۆتكۈزەلىشى، يەنە كېلىپ تامامەن ئۆتكۈزەلىشى ئاسان ئەمەس. بىراق بۇ يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئۆتكەندىمۇ تولۇق ئۆتكەن. چۈنكى ئۇ، ھەرقاچان ئالغا قارايتتى، ئۈمىدۋار ئىدى، پارتىيىگە مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئۇ يەقەت خەلقنىلا ئويلايتتى. ئۇ: «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپەم ساقلاندى، ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدىم، مەن يەنىلا پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى ئىشلەيمەن» دېگەن پوزىتسىيە بىلەن

پارتىيىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئىشەنگەندىغان يارامىلىق كوممۇنىستلارنىڭ پاك قەلبىنى ئىپادىلىدى.

لى جىڭجي، خې مىڭ، جاۋ چاڭشۇ يولداشلارنىڭ گېنېرال مايور مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف توغرىسىدا يازغان زىيارەت خاتىرىسىگە «ئوغلى ئانىسىدىن ئايرىلالامدۇ؟» دېگەن سەرلەۋھە قويۇلغان. زىيارەت خاتىرىسىدە: «يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف باشتىن ـ ئاياغ شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بىلىمى، قان ـ تەرىنى ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن زېمىنغا بېغىشلىغان. . . مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغاندىمۇ (1957 — 1958 ـ يىللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) يېڭى جۇڭگوغا بولغان چەكسىز ئارزۇ ـ ئۈمىدىدىن تەۋرەنمەي، ۋەتەنىنى، يۇرت ـ ماكانىنى، ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغدىدى. . . ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر ئۇنىمۇ چەت ئەلگە (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا) چىقىپ كېتىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەسكىن ھالدا: «باشقا نەرسە بولسا ئۇنىڭدىن كېچىشكە رازىمەن، لېكىن ۋەتەندىن ئايرىلالمايمەن، ئوغلى ئانىسىدىن ئايرىلالامدۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن، دەپ يازىدۇ. بۇ سۆزلەر ئادىل بولدى.

يولداش لى جىڭجېلار زىيارەت خاتىرىسىدە يەنە: «ئىمىنوف پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ ئومۇم بىلەن شەخسىي ئىشلارنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەيتتى. ھەتتا پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ماشىنىسىغا ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. بىر قېتىم سەنئەت مەكتىپىدە ئىشلەيدىغان يالغۇز سىڭلىسى تەتىل ئاياغلاشقاندا ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھۆكۈمەت ماشىنىسى ئىشلىتىپ، مەكتەپكە يۈك ـ تاقلىرىنى ئاپىرىۋالىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىمىنوف ئاچچىقى كېلىپ: «ھۆكۈمەت ماشىنىسى مېنىڭ سىرتقا چىقىپ خىزمەت ئىشلىشىم ئۈچۈن سەپلەپ بېرىلگەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىسۇن» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. رەيھان ئىمىنوف ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ رەپىقىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، «ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن سەيلى ـ ساياھەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بىرەر جايىغا بېرىپمۇ باقمىدىم، پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ نەزەر دائىرەمنى ئېچىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ» دېدى، دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى يازىدۇ. بۇ سۆزلەر يولداش ئىمىنوفنىڭ ساپ كوممۇنىستىك خىسلىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق گۈزەل ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ھېلىھەم مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش ئىمىنوف: «ھۆكۈمەت بىزگە ئالىي تۇرار جاي سېلىپ بەردى، ئوبدانلا مائاش ئېلىۋاتىمىز. تېخى مۇكاپات، پاراۋانلىقلاردىن بەھرىمەن بولىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىمىز، ئۇرۇق ـ جەمەتىمىزگە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئائىلىسى دەپ ئېتىۋار بېرىپ تۇرىدۇ، ھەقسىز داۋالىنىمىز، خىزمەت ماشىنىسى سەپلەپ بېرىلىدۇ، تۇرمۇشتا، خىزمەت شارائىتىمىزدا، ئىجتىمائىي ئورنىمىزدا گەپ يوق، بىزگە ئەمدى كەم نەرسە يوق، كەم نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە قىلىپ بەرگىنىمىز ئاز بولۇۋاتىدۇ، يەنى پارتىيىدىن، دۆلەتتىن، خەلقتىن ئالغىنىمىز كۆپ، قىلىپ بەرگىنىمىز ناھايىتى ئاز بولۇۋاتىدۇ» دەپ تۇراتتى. ئۇ خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىمەسلىكنى، قاقتى ـ سوقتى قىلىشنى نومۇس، پارا يېيىشنى، خىيانەت قىلىشنى كەچۈرگۈسىز جىنايەت دەپ نەپرەتلىنەتتى.

ھازىر پارتىيىمىز ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئارقىلىق يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ گۆھەردەك ئېسىل پەزىلىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمىز.

. ئىمىنوف 1960 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئېيىدا مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ماڭا: «يولداش ئىمىنوف بىلىمى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچان، ئويلاش، پىكىر قىلىش، تەپەككۇر

قىلىش يولى توغرا، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە كەم ئۇچرايدىغان ئىقتىدارلىق رەھبەر ئىكەن» دېگەنىدى (ئۇ چاغدا مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىر مەسئۇلى ئىدىم). 1962 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي ۋەقەلىرى يۈز بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يولداش ئىمىنوفنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىغا ئەۋەتكەن مەسئۇل كادىرلاردىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىلى، تارباغاتاي ۋەقەسىنىڭ ئالدى - كەينىدىن خەۋىرى بار يولداشلارغا مەلۇمكى، بۇ ۋەقەنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ سىياسىيلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، زىل، قىيىن خىزمەت ئىدى. يولداش ئىمىنوفنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تىرىشچانلىقىدا دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلارنى توختىتىش، ئۆز ماكانىغا قايتۇرۇش، ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قاتارلىق خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن يولداش ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەر خىزمەتكە يۇقىرى باھا بەرگەن ھەم تالانتىغا قايىل بولۇپ ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشقانىدى.

يولداش ئىمىنوف بېيجىڭدا مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ كېلىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، خىزمەتلىرىنى كارامەت ئىجتىھات بىلەن ئىشلەۋاتقىنىدا، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ بەختىگە قارشى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفمۇ لىن بياۋ، جاڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى، دەسلەپتە ھەرقايسى ئورۇنلارنى ئايلاندۇرۇپ كۈرەش قىلىندى، كېيىن تۈرمىگە قامىلىپ، پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمەي، ۋەھشىيانە ئازابلاش ئارقىسىدا 1970 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەلەم بىلەن 55 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بىز بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە، پەخىرلىنىشىگە ئېرىشكەن ئىختىساسلىق رەھبىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بۇ خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ناھەق، ئۇۋال قىلىنغان دېلولار ئاغدۇرۇلۇپ، ناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا يازغان دوكلاتى ۋە مەركەزنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، 1958 - يىلدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا كۆرگەن چارىسى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بېرىلگەن جاز پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەرھۇمغا تېڭىلغان تۆھمەت، بوھتانلار تامام ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، مەرھۇمنىڭ نامى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ جەسىتى ئۆلامباي ئىنقىلابى قۇربانلار قەبرىستانلىقىغ يۆتكەپ دەپنە قىلىندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئىدارە - ئورگان خادىملىرى، زاۋۇت - كارخانا، مەكتەپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋەكىللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرى قاتناشقان قايغۇلۇق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز، رەھبىرىمىز، ئەڭ يېقىن دوستىمىز مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ نامىغا مەڭگۈلۈك شان شەرەپلەر بولسۇن!

تەھرىرلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

# قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمەت لەقەملىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى

مېھرىئاي مەمتىلى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىن)

بىزدە كۆپىنچە ھاللاردا بىر جەمەت تىلغا ئېلىنىسلا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ لەقىمىنى ئاتاپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان ئەھۋال ئومۇملاشقان.

لەقەم سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئاياغ» دەپ ئاتىلىپ شېئىردا مۇنداق كەلگەن.

قوزغىل ماڭا ئاقىلىق،
بولسۇن ماڭا ئاياغا.
ئىزغىل مەنى توقىشقا،
يۈۋغىل ماڭا ئۇلاغا

شېئىرنىڭ مەنىسى: مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بەرگىن، مەن بىر مەرتلىك قىلاي، شۇنىڭ بىلەن مەرتلىك مېنىڭ لەقىمىم بولۇپ قالسۇن، مېنى جەڭگە ئەۋەت ۋە جەڭگە ئېلىپ بارالايدىغان بىر ئات ياردەم قىل. دېمەك، لەقەم سۆزى بىزدە قەدىمدە «ئاياغ» سۆزى بىلەن ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ھازىر بىز دەۋاتقان «لەقەم» سۆزى ئەرەبچە «لەقەب» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، جانلىق تىلىمىزدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «لەقەم» گە ئۆزگەرگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «ئاتالمىغان ئەردىن، ئاتالغان دۆڭ ياخشى» ، «لەقەمسىز ئەر بولماس، ئويماقسىز خوتۇن» ، «لەقىمى يوقنىڭ ئاتىسى يوق» دېگەندەك ماقالللار بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ لەقەمگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

لەقەم قويۇش ئادىتى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغاچقا، بۇ خىل ھادىسە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىپ كەلدى. ئۇنى فولكلورشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لەقەم شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، پىسخىك كەچۈرمىشى، تۇرمۇش ئەندىزىسى، كەسپىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلەپ، بىر ئائىلە، بىر جەمەت ياكى بىر ئۇرۇقنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى، قىسقىسى، مەلۇم بىر مەدەنىيەت قاتلىمىغا تەۋە خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەشتە مۇھىم رول ئۆتەپ كەلدى.

«لەقەم» باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان بولىدۇ. لەقەم قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئوخشاش ئىسىملارنىڭ كۆپىيىپ كېتەمسىلىكىنىڭ كاپالىتى. قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە پۇقرالارنى باشقۇرۇشقا ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ۋاڭلىقتىن لەقەمسىز بىر جەمەتكە لەقەم قويۇلغان. بۇ لەقەم قويۇلۇشنىڭ بىر ئاساسى. لېكىن لەقەم بىر كىشىنىڭ ياكى بىر جەمەتنىڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈدەك بىرەر ئىشى ياكى ھادىسە سەۋەبىدىن ئىستىخىيىلىك قويۇلىدۇ. قۇمۇل لەقەملىرى ئەينى دەۋردە فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئوردىنىڭ نوپۇس، تىرىلغۇ يەر، يەر - جاي باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. قۇمۇل لەقەملىرىنىڭ تۈرلىرى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلارنى كېلىپ چىقىشى، مەنا دائىرىسىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1. ھۈنەر، كەسىپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر

قۇمۇلدا ھۈنەر، كەسىپ ناملىرى بىلەن

كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى

قويۇلغان لەقەملەر خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالغان. مەسىلەن: ئالتۇنچىلار، ئاق كۆتلەر، بوتۇڭلار، بۆزچىلەر، بوياقلار، پالگانلار (پالۋانلار)، پارەشلەر، پادىچىلار، پوچتىچىلار، پولۇچىلار، پوستەكلەر، پىچاڭلار (皮匠)، تۆگىچىلەر، تاۋار پۇرۇچلار، چىلانلار، چويۇنلار، دوملار، شەيخلەر، ساڭچىلار، قايماقلار... قاتارلىق نۇرغۇن لەقەملەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلاردىن «ئالتۇنچىلار» دېگەن لەقەمنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

ئالتۇنچىلىق (زەرگەرچىلىك) قۇمۇلدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ھۈنەردۇر. قۇمۇلدا ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ گۈللەنگەنلىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلاردىن ئىسپاتلانغان. ئالتۇنچىلار جەمەتىنىڭ قۇمۇلدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا زور رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: قۇمۇلغا ئىسلام دىنى تارقالمىغان زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىن دىن تارقىتىشقا كەلگەن ئابدۇل ئەلەم (سۇلتان سوپى دانىشمەن) ۋەكىللىكىدىكى كىشىلەر قۇمۇلدا ئۆز پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ئامالسىز قالغان. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل ھۆكۈمدارى مۇڭدار خاتۇن (1461 ـ 1487) قۇمۇلدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. شۇ ۋاقىتلاردا مۇڭدار خاتۇن بۇددا دىنىنىڭ ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالتۇن بۇت ياساتقان، لېكىن ئالتۇن بۇتنىڭ بويىنىنى ھېچكىم تۇتقۇزالمىغان. سۇلتان سوپى دانىشمەن قۇمۇلدا ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىشقا رۇخسەت قىلىش شەرتى بىلەن ئالتۇن بۇتنىڭ بويىنىنى تۇتقۇزۇپ بەرمەكچى بولغان. مۇڭدار خاتۇن نائىلاج شۇ شەرتكە كۆنگەن. بۇ چاغدا مۆمىن ئىسىملىك ئالتۇنچى ئالتۇن بۇتنىڭ بويىنىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تۇتقۇزغان. بۇ كارامەتتىن ھەيران قالغان مۇڭدار خاتۇن قۇمۇللۇقلارغا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالتۇنچىنىڭ ئابرويى ئۆسۈپ بۇ كىشىگە «ئالتۇنچى» دېگەن لەقەم سىڭگەن. قۇمۇلدىكى «ئالتۇنچى» لەقىمى بىلەن ئاتىلىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر بەلكىم شۇ جەمەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولسا كېرەك. ھازىر قۇمۇلدا «ئالتۇنچى» لەقىمى بىلەن ئاتىلىۋاتقان مەشھۇرراق جەمەتلەردىن ئىمىن ئالتۇنچى، يۈسۈپ ئالتۇنچى، سالى ئالتۇنچى قاتارلىقلار بار. بۇلار ئاساسەن شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ جىگدە قۇدۇق كەنتى، ئوردىباغ كەنتلىرىدە ئولتۇراقلاشقان.

دېمەك، ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن قويۇلغان لەقەملەر شۇ جەمەتنىڭ ياكى شۇ يەرلىك خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى بىلىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. فىزئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر

بىزدە «ئاتىنى كىم قويار ئاتاڭ (قويار)» دەيدىغان ماقال بار. بەزىدە ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتىنى ئەركىلىتىپ دەپ قويغان ناملارمۇ شۇ بالىغا ئاخىرىغىچە لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالىدۇ. فىزئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر ئۇيغۇر لەقەملىرى ئىچىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بەزى لەقەملەر شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن قويۇلغانكى، بىر ئاڭلاشقىلا تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىمىز. بىزگە مەلۇم، خەلقىمىز يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي خەلق بولغاچقا، قويۇلغان لەقەملەرمۇ كىشىنى كۈلكىگە زورلايدۇ. قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا بۇنداق ئۇسۇلدا قويۇلغان لەقەملەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ: مەسىلەن: ئايپاڭلار، بەچەيلەر (كۆزىنىڭ قارچۇغى كۆك كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ)، پاڭلار، پەدىگەنلەر، پولداڭلار، پىلىللار، تازقىرلار، تازلار، تاقتاقلار، توخۇلار، چۆجىلەر، چەيلۇڭلار (خەنزۇ تىلىدا هارۋا چاقى 车轮). چەيلۇڭ دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇشى قىزىق، بۇ جەمەتتىكىلەردىن بىرسى پىيادە ماڭغاندا قىڭغىر (مايماق) دەسسەپ ماڭغاچقا، ھارۋىنىڭ كالاك بولۇپ كەتكەن چاقىغا ئوخشىتىپ سىڭىپ قالغان. ئۇندىن باشقا دوكلار، سولخايلار، ئالغايلار، سىڭار بۇرۇتلار، قونچاقلار، يۇمۇقلار، قوزىباشلار... قاتارلىق نۇرغۇن جەمەت لەقەملىرى بار.

## 3. ئەمەل ـ مەنسەپ بىلەن ئاتالغان لەقەملەر

قۇمۇل رايونى XVII ئەسىردىن تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ۋاڭلىق تۈزۈمدە ئىدارە

www.uyghurkitap.com

قىلىنىپ كەلگەچكە، ۋاڭ ئوردىسىدا نۇرغۇنلىغان خاس ئەمەل نامىلىرى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەمەل تۇتقانلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە شۇ ئەمەل بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئەمەل نامى لەقەم سۈپىتىدە سىڭىپ قالغان. بۇنداق لەقەملەردىن ئاقساقاللار، ئامباللار، بەنسىيلەر (办事员)، بۆرىلەر، پاششاپلار، تاربېگىلەر، توتەيلەر، چوقايلار، خەلپىلەر قاتارلىق بىرمۇنچە جەمەت لەقەملىرى بار.

بۇنىڭ ئىچىدىكى چۇقايلار جەمەتى قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ئۆلۈم - يېتىمدىن كېيىن مىراس تەقسىم قىلىش، مىراسخورلار ئارىسىدا بولىدىغان جېدەل - ماجىرالارنى ئايرىش، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى ئايرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، كېيىنكىلەرگە چوقاي دېگەن لەقەم سىڭگەن.

**4. ئادەم ئىسىملىرى ۋە قەبىلە ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر**

بۇنداق ئىسىملار غەربلىكلەرنىڭ فامىلە قوللانغىنىغا ئوخشاش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا لەقەم ھەم فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئابدى ھاشىملار، ئابزەرلەر، ئارزۇلار، ئاقچىلار، ئاۋشاملار، ئاقباقلار، ئايقىزلار، ئەزىز قوللار، بارانلار، بەھرەملەر، بوتىلار، پولاتلار دېگەندەك. مەسىلەن: «ئايقىزلار» جەمەتى ئەينى ۋاقىتتا شۇ جەمەتتە ئىنتايىن چىرايلىق، ئاي يۈزلۈك بىر قىز بولۇپ، كىشىلەر بۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا قاراپ «ئايقىز» دېگەچكە، كېيىنچە بۇ نام جەمەتنىڭ لەقىمىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. كېيىنچە بۇ جەمەتتىكىلەر ئەركىشى بولسىمۇ «ئايقىزلار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

قارلۇقلار، خۇلار (غۇزلار) جەمەتىمۇ ئەسلى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بولۇپ، تا ھازىرغىچە تارىخىي ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ قەبىلە ناملىرىنى لەقەم سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن.

قارلۇقلار ئەسلىدە بېشبالىقنىڭ غەربىي شىمالى، ئالتاي تېغىنىڭ غەربى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسى، تارباغاتاي تېغىنى بويلاپ چۆبە قەبىلىسى بىلەن بىللە ياشىغان بولۇپ، چىگىل، تاشلىق قاتارلىق جەمەتلەردىن تەشكىل تاپقان. قۇمۇلدىكى «قارلۇق» لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ھازىر قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە، ئاستانە، لاپچۇق قاتارلىق يېزىلىرىغا تارقالغان. قۇمۇلدا يەنە «قارلۇق غول»، «قارلۇق مەھەللىسى»، «قارلۇق تۈگمەن»، «قارلۇق ئۆستەڭ»، «قارلۇق كارىز» دېگەندەك قەدىمكى يەر نامىلىرى بولۇپ، بۇلار قۇمۇللۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە قارلۇقلارنىڭ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**5. كىيىنىش، ياسىنىش ئادىتىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر**

بىزگە مەلۇم، كىيىنىش ئادىتى بىر كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، شۇ كىشىگە خاسلىق ئېلىپ كېلىدىغان شەكىللەرنىڭ بىرى. يارىشىملىق كىيىم كىشىگە راھەت، ئازادىلىك ئاتا قىلىدۇ، لېكىن بەزىدە غەلىتە كىيىم - كېچەك شۇ كىشىنىڭ ئۇچىسىدا باشقىلارغا كۈلكە بولىدۇ، ھەتتا شۇ كىشىنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئاخىرىدا لەقەم بولۇپ سىڭىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قويۇلۇپ قالغان لەقەملەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلاردىن ئاقتۇماقلار، ئاق چاپانلار، پور جۇۋىلار، پايپاقلار، تەقىيلەر، شارپاقلار، بۆكى چوڭلار دېگەندەك جەمەت لەقەملىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

**6. مىجەز - خۇلقىغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر**

ئۇيغۇرلار مىجەز - خۇلقىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا، ئەدەپ - قائىدىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. شۇڭا مىجەز - خۇلقىغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر ئاساسەن باشقىلارغا شۇ كىشىنىڭ بىرەر خۇي - پەيلى ئالاھىدە تەسىر قىلغان بولسا شۇ نام سىڭىپ لەقەم بولۇپ قالغان. مەسىلەن: ئازايىملار (بالايى - ئەزىم)، ئاستىنلار، ئاسانلار، ئاقساقاللار (چېپىلغاق)، بوغۇنلار (گېپىنىڭ تايىنى يوق سۆزلەيدىغان)، بېخىللار، بېشى تۆۋەنلەر، پوكپوكلار، پاقىلار، تاۋۇزلار (ئىككى يۈزلىمچى)، تاغارلار، تورپاقلار، توخۇلار، تۈلكىلەر، جەرەنلەر،

چايانلار، چاقچىلقايلار (ئالدىراڭغۇ)، شەلگۈرلەر (ۋالاقتەككۈر)، قۇمباشلار (گىپى تولا)، كۆسەيلەر، كۆچىلەر دېگەندەك نۇرغۇن جەمەت لەقەملىرى بار.

كۆچىلەر لەقىمى مۇنداق قويۇلغان:

كۆچە قۇمۇلدا ئىتىلىدىغان بىرخىل تاماقنىڭ تۈرى، يەنى نورۇز ئېيىدا بۇغداي، پۇرچاق، قوناق، كۆك پۇرچاق، قارا پۇرچاق، دادۇر قاتارلىق يەتتە خىل داننى كالا گۆشى ۋە قوينىڭ كاللا، پاقالچاقلىرى پىشۇرۇلغان شورپىدا قايناتىپ تەييارلىنىدۇ. ئاشورە ئېيىدا بولۇپمۇ ئەتىياز، نەۋرۇز هارپىلىرىدا ھەممە ئۆيلەردە ئىتىلىدۇ. بۇ جەمەتتىكىلەر چوڭنى چوڭ، كىچىكنى كىچىك دېمەي، تەڭ ئولتۇرۇپ گەپ سۆزلەرگە دىققەت قىلماي سۆزلەۋەرگەچكە، ئۇلارنى «كۆچە» ئىشىغا ئوخشىتىپ بۇ لەقەمنى سىڭدۇرگەن.

**7. ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك لەقەملەر.**

كۈندىلىك تۇرمۇشتا تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلار، ۋەقە - ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا «نېنى يوقنىڭ ئىشى يوق» دەيدىغان ماقال بار. بىرەر ئىش - ئوقەت بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارمۇ قۇمۇل لەقەملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ لەقەملەر يەرلىك خەلقنىڭ ئەينى تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ئەڭ يىغىنچاق ئىنكاسى بولۇپ، سەل قارىغىلى بولمايدىغان تارىخى ۋەقە - ھادىسە، ئۆرپ - ئادەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ تۈردىكى لەقەملەردىن ئاشقلار، ئاق يوللار، ئالمىخانلار، بوزولار، بۆكى چوڭلار، بۇركۈتلەر، پايپاقلار، پىتىرچەپەكلەر، تاشتۆمۈر-لەر، تەخەيلەر، تەكىراڭلار، توقۇملار، جىن قاقتىلار، داتۇلار (大头) قاتارلىق بىرمۇنچىلىرى بار.

جىن قاقتىلار لەقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

ئادەم بىلىنىڭ چىم بولۇپ قېلىشىنى قۇمۇلدا كىشىلەر جىننىڭ كاساپىتىدىن بولغان دەپ قاراپ تېرە جۇۋا، تېرە تۇماق، قولاقچىلارنى تەتۈر كىيگىنىچە يەتتە ئائىلىدىن تىلەپ ئالغان ئۇننى ھۆممە چاي قىلىپ ئىچىش ياكى يۇغۇرۇپ چىم بولغان بەلگە يېقىش ئارقىلىق «داۋالايدۇ». تېرە جۇۋىلارنى تەتۈر كىيگەن ئادەم ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئۇن تىلىگەندە قايسى ئۆيدىكى كىشى ئۇنىڭ تۇرقىدىن قورقۇپ كەتسە جىن شۇ كىشىگە چاپلاشقان بولارمىش. قۇمۇلدا كىشىلەر بۇ خىل خۇراپىي پائالىيەت بىلەن يەنى «جىن قېقىش» پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى «جىن قاقتى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ جەمەتتىن نەمتۇللا دېگەن كىشى مۇشۇنداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بۇ لەقەم سىڭگەن.

دېمەك، لەقەملەرنىڭ پەيدا بولۇشى تاسادىپىي بىر ھادىسە بولماستىن، بىرەر سەۋەب بىلەن شۇ كىشىگە مەڭگۈلۈك نام - ئاتاق بولۇپ قالىدۇ. لەقەملەرنى يەنى بۇندىن كېيىنمۇ پەيدا بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. لەقەم قويۇش ئادىتى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قان قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنە. شۇڭا بۇ خىل ھادىسە بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇمۇل لەقەملىرىنىڭ پەيدا بولۇپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ بۈگۈنگە ئۇلىنىپ كېلىشى بىزنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئەينى تۇرمۇش ئادەتلىرى، تارىخى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئېتنىك تەركىبى قاتارلىق تەرەپلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ئالاھىدە ياردەم بېرىدۇ. ھەر بىر لەقەمنىڭ تېگى تەكتىنى ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتە قىلساق، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيمىز. ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ يەككىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى چوڭقۇرلىشىپ ماڭماقتا. مانا مۇشۇنداق چوڭقۇرلۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن يەرلىك خەلقنىڭ لەقەم قويۇش ئادەتلىرىگە ئوخشاش ھالقىلىق، كونكرېت مەسىلىلەردىن تۇتساق ئېتنوگرافىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، فولكلورشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىدە بۆسۈش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# توقسۇن بوستان جامەسى


ئەشرەپ ئابدۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن)

توقسۇن - يىپەك يولى لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرىگە جايلاشقان قەدىمكى يۇرت، ئۇ، مول ئاسار ئەتىقىلىرى بىلەن داڭق چىقارغان بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ، بۇ يۇرت تۇرپانغا قوشنا بولۇپ، بۇ يەردە كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئىزلىرى قالغان.

توقسۇن بوستان جامەسى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇ بۇلاق ۋە يىلانلار كۆپ يىلانلىق قەدىمى يۇرتىدا ئىدى. بۇ جامەنى دەل مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى بىلەن تەڭ ئاپىرىدە بولغان دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئەجدادلىرىمىز تاغ ئېتەكلىرىدىن، توقسۇن بوستانلىقىغا كېلىپ چارۋا باققان ۋە يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىللەردە يەنى X Ⅵ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىسلاملىشىپ بولغانىدى. «توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا «تۇرپان ئۇيمانلىقىدا 1383 - يىلى ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇلار بىر مۇسۇلمان بولۇش سالاھىيىتى بىلەن چارۋىچىلىق ھاياتىدىكى يول ئۈستىدە ياكى دېھقانچىلىق ئىش ئورۇنلىرىدا، كۈندىلىك نامازنى ئادا قىلىدىغان، چېچىلاڭغۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، بىر يەرگە مەركەزلىشىپ، توپلىشىپ، جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئادەتلىرىنى ئادا قىلماقچى بولدى. بۇنداق قىلىش زور ساۋاپ ئىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەرنى بىر يەرگە يىغىش، ئۆز ئارا ياردەمدە بولۇش، ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پايدىسى كۆپ ئىدى. ئۇلار دەل مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئەتراپىدىكى يۇلغۇنلۇقلاردىن ۋە باشقا جايلاردىن ياغاچلارنى كېسىپ كېلىپ، ئىلانلىق تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ بۇلاق سۈيى ئارقىلىق تەبىئىي بوستانلىققا ئايلانغان، ھازىرقى ئاخۇن كارىز مەھەللىسى دەپ ئاتالغان جايغا ياغاچتىن ئۆي ياساپ ئىبادەت قىلغان. مانا بۇ ئاددىيغىنە ياغاچ ئۆي ئەڭ دەسلەپكى توقسۇن بوستان جامەسى ئىدى.

ياغاچتىن ياسالغان بۇ ئاددىيغىنە جامەنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ئەجدادلارنىڭ خالىغان جايدا، ئۆز ئالدىغا ناماز ئادەتلىرىنى ئادا قىلىدىغان چېچىلاڭغۇ ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. نەتىجىدە بۇ جاي ئۇلارنىڭ توپلىشىپ، مەركەزلىشىپ ئىبادەت قىلىدىغان دىنىي پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل يىلانلىق، جۈملىدىن توقسۇن تەۋەسىدىكى چارۋىچى، دېھقانلار، ھەتتا ئالغۇي، كۆجەي، ئارغىبۇلاق تاغ ئېتەكلىرىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرمۇ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، بۇ جامەگە كېلىپ چوڭ - چوڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل مۇشۇ جامە ئورۇنلاشقان بۇلاقلارنىڭ ئەتراپىدىكى چىملىقنىڭ ئالدىدا، بىر سودا كارۋان يولى ئېچىلدى، بۇ يولدا ئالتە شەھەرنىڭ سودىگەرلىرى، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، قۇرۇق تاغدىكى سۇ بېشى



بىلەن يىلانلىقتا كېلىپ، دەل جامە يېنىدىكى چوڭ بۇلاق ئەتراپىدىكى چىملىق - قومۇشلۇقلارغا چۈشەتتى. ئۇلار بۇ يەردە ھەم ئات - ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇراتتى ھەم بۇ ئاددىي جامەگە كىرىپ، ناماز ئوقۇيتتى.

توقسۇن بوستانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، نوپۇس كۆپەيدى، سودىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالتە شەھەر — ئۈرۈمچى سودا كارۋان يولىدىكى سودىگەرلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئاددىيغىنە ياغاچتىن ياسالغان بۇ ئىبادەت مەركىزىنى كېڭەيتىپ ياساش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. نەتىجىدە توقسۇندىكى جامەئەتنىڭ ماددىي ياردىمى ۋە ئالتە شەھەرلىك سودىگەرلەرنىڭ كۈچ قوشۇشى بىلەن ئەسلىدىكى ياغاچتىن ياسالغان ئۇل ئاساسىدا، كېسەك تاملىق بوستان جامەسىنىڭ ئاددىي ئۆيي قۇرۇلۇشى بارلىققا كەلدى. 1724 - يىللارغا كەلگەندە، ئادەمنىڭ كۆپىيىشى ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ئاددىي ئۆيلەر ئۆزگەرتىلىپ، خېلى كۆپ ئادەملەرنى سىغدۇرالايدىغان بوستان مەسچىتى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئادەملەر بۇ يەردە كۈندىلىك ناماز ئادەتلىرىنى ئادا قىلىپلا قالماستىن، چوڭ نامازلارنى — جۈمە نامىزى، روزا ھېيت نامىزى ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدىغان بولدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەج - تاۋاپقا بارغان ۋە دۆلەت ھالقىپ سودا - تىجارەت قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر بوستان مەسچىتىنى ئۆزلىرى كۆرگەن ھەيۋەتلىك مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش ئۆزگەرتىپ سېلىش مەقسىدىگە كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار توقسۇندىكى ياغاچچى ۋە قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، توختى قازى ۋە زاھىد قازى ئاخۇنۇملارنىڭ ماددىي جەھەتتە كۈچ چىقىرىشى ۋە جامائەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچ قوشۇشى بىلەن 1890 - يىلى ئەسلىدىكى مەسچىتنى كېڭەيتىپ ياسىدى. بۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش مەدرىسە دەپ ئاتالدى. ئۇز زامانىسىدا، مەدرىسىنىڭ ئەتراپى بۈك - باراقسان تەبىئىي بوستانلىق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى بوستان مەدرىسى دەپ ئاتايتتى. مەدرىسە قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىسىمۇ مۇرەككەپ ۋە پۇختا بولۇپ، يەر ئاستى بىر قەۋەت، يەر ئۈستى ئىككى قەۋەت سېلىنغان. مەدرىسە خانىقا، سەرراپ، دەرسخانە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يان تەرىپىدە قازىخانىمۇ بار ئىدى.

بوستان مەدرىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە كۈندىلىك نامازلار، جۈمە نامىزى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامازلىرى ئوقۇلغاندىن باشقا، يەنە مۇدەررىسلەر تەكلىپ قىلىنىپ، دىنىي مائارىپ بويىچە ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بوستان مەدرىسى، توقسۇندىلا ئەمەس يەنە توقسۇندىن باشقا تۇرپان، پىچان قاتارلىق يۇرتلاردىمۇ تەسىرگە ئىگە بولدى. كىشىلەر يىراق جايلاردىن بۇ يەرگە بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇتتى. بوستان مەدرىسى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئازادلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملىق كىشىلەرنىڭ تائەت - ئىبادەت قىلىدىغان مەركىزى بولۇپ كەلدى. ئەمما 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا بىر قىسىم قارا قورساق تەلۋىلەر تەرىپىدىن بۇزۇپ - چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى بىلەن، مەسچىتنىڭ نامى ۋە ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ۋە دىن باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن، يىلانلىق ۋە توقسۇندىكى خەلقنىڭ 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن ئىئانە سەرپ قىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى مەسچىتنىڭ ئورنىغا قايتىدىن قۇرۇلۇش سېلىنىدى ھەم بوستان مەدرىسى «بوستان جامەسى» دەپ ئاتالدى.

بوستان جامەسى 1980 - يىلى قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالدى. ئالدى كۈنچىقىش تەرەپكە قارىتىلغان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 5658 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3104 كۋادرات مېتىر

كېلىدۇ. جامە قۇرۇلما جەھەتتىن، پەشتاق، خانىقا، دەرسخانە، سەرراپ ۋە ھويلىدىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

جامەنىڭ پەشتاق قۇرۇلۇشى 1989 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. پەلەمپەي شەكلىدە ئۈچ قەۋەت قىلىپ ياسالغان. 34 ھۇجرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جەمئىي 15 پەنجىرە بار. يىراقتىن قارىسىڭىز ناھايىتى ھەيۋەت ۋە كۆركەم كۆرۈنىدۇ. ياسىلىش سەنئىتى جەھەتتىن نەپىس بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

پەشتاق دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر. ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان ھەيۋەتلىك ئىككى مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. پەشتاقنىڭ ئەگمە شەكىللىك ناۋا ئاستىغا «قۇرئان كەرىم» دىن بىرنەچچە ئايەت ئويۇپ يېزىلغان. مۇنارنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىدىن ئېگىز تۆت مۇنار بوي تالىشىپ تۇرىدۇ. مۇنارلارنىڭ تۈۋى تومراق، ئۈچى ئىنچىكىرەك بولۇپ، ئويما نەقىشلەر بار. پەشتاق ئۈستىدە نۇرسىمان نەقىش گۈمبەز بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېغىرلىقى 400 كىلوگرام كېلىدىغان قۇيما ئاليۇمىن، قۇببە ئۈستىگە يېشىل رەڭلىك ھىلال ئاي مودېلى ئورنىتىلغان. پەشتاق ئالدى تەرىپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار كەتكەن قارا ياغاچ سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. بۇ پەشتاقنى ئۈرۈمچىدىكى يەتتە قارىم ئىشلىگەن، بۇلار: ئابدۇراخمان قارىم، ئابدۇرېھىم قارىھاجى، مۇھەممەت قارىم، ئىسمائىل قارىم، ھەبىبۇللا قارىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بوستان جامەسىنىڭ ھويلا ئارامۇ ناھايىتى چوڭ، غەرب تەرىپىدە رېشاتكا بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان خانىقا ئورۇنلاشقان. خانىقا ئىچكىرى ۋە تاشقىرى، كىرىش ئىشىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىرىش ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا ياغاچ - خىش قۇرۇلمىلىق چوڭ زال كۆلەملىك خانىقا بار. بۇ ئىچكىرى خانىقا بولۇپ، كەڭلىكى 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر كېلىدۇ. تۆت ئاراشلىق ئىچكى خانىقانىڭ تورۇسى تاختايدىن ياسالغان بولۇپ، ئۈچ قاتار تىزىلغان 18 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، غەربىي يېنىدىكى تامغا ئاستى تەرىپى چاسا، ئۈستى ئۈچلۈق قىلىنىپ مېھراپ ياسالغان، مېھراپنىڭ ئىككى تەرىپى قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. ئىچكى خانىقانىڭ ئالدى ۋە ئىككى يېنىدىكى يەتتە ئاراشلىق ئايۋان تاشقىرى خانىقا دۇر. بۇنىڭدا ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان كاتەكچىسىمان تىزىلغان 68 تال پولات تۈۋرۈك بار بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغان پېشايۋاننى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تاشقىرى خانىقانىڭ شەرق تەرىپىدىكى ھويلىدا قاتار تىكىلگەن جۈجەم (ئۈجمە) دەرەخلىرى بار. پەشتاقتىن كىرگەندىن كېيىنكى تاشقىرى خانىقا بىلەن تۇتاشقان ھويلا يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈزۈم تاللىرى بار بولۇپ باراڭ قىلىنغان، تاشقىرى خانىقانىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «قۇرئان كەرىم» دىن ئېلىنغان ئايەت ئويۇپ يېزىلغان. بوستان جامەسىدە كۈندىلىك نامازدىن باشقا جۈمە نامىزى، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرى ئوقۇلىدۇ. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامازلىرىدا يىلانلىق ۋە باشقا جايلاردىكى ئادەملەر بولۇپ، 5000 دىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيدۇ.

بوستان جامەسى سېلىنغاندىن كېيىن، 1993 - يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە توقسۇن بوستان ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇرۇلدى، ئىككى قاراردا 8 دىن جەمئىي 16 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى.

قىسقىسى، بوستان جامەسى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، بەش قېتىملىق قۇرۇلۇش تارىخىنى باشتىن كەچۈرۈپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. جامەگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن ئەھلى - ئىلىملارنىڭ بىزگە ئىسمى مەلۇم بولغانلىرى: توختى قارى ئاخۇنۇم، زاھىد قازى ئاخۇنۇم، مۇھەممەد ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇخېۋىر ھاجى داموللام، روزى نىياز ھاجى خەلپىتىم، مۇھەممەت ھاجى داموللام، كېۋىر داموللا ھاجىمدىن ئىبارەت.

بوستان جامەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاسار ئەتىقىلەر ۋە قەدىمكى مەسچىتلەر تارىخىدىكى ئورنى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنغان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# كۆككە چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ تۇر-مۇشتىكى ئىپادىسى

بېلىقىز مۇھەممەت

(ش ئۇ ئار تەزكىرە كومىتېتىدىن)

تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەرقايسى مىللەتلەر ھەرخىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزمۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

شامان (قامان) ئەسلى مانجۇ ـ تونگۇسچە سۆز بولۇپ، «ئەسەبىي ئۇسسۇلچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شامان دىنى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن كىشىلەر خەلق ئارىسىدا «پېرىخون»، «رەمبال»، «باخشى»، «سېھىر-گەر» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

شامان دىنى — تەبىئەت جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي دىن. ئېنگېلس: «شامان دىنى ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان مەزگىللەردە پەيدا بولغان»① دەيدۇ.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، شامان دىنى بۈندىن 2500 — 6000 يىللار بۇرۇنقى قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئالتاي دالىسىدا پەيدا بولغانىكەن. لوپنۇردىكى كۆنچى دەرياسى بويلىرىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بۈندىن 3000 يىل بۇرۇنقى مەشئەللەر بۇ نۇقتىنىڭ جانلىق ئىسپاتى بولالايدۇ.

شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، تۇرمۇشىمىزغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ھەتتا بۇددا دىنى (مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە)، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتىمۇ، شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ساقلىنىپ قالغان. بەزى ئادەتلەر ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىن بولغاچقا، ھەممە نەرسىدە روھ بار دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ شامان ئەقىدىسىدە كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان ئېتىقاد (كۆككە بولغان ئېتىقاد) ناھايىتى گەۋدىلىك.

كۆككە چوقۇنۇش ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار (ئەجدادلىرىمىز) كۆچۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئاسمانغا كۆز سالسىلا كۆرگىلى بولىدىغان كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ دائىم ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تەبىئىي ھالدا ئۇلارغا چوقۇنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا كۆپكۆك ئاسمان ئىلاھ تۇرىدىغان جاي دەپ قارالغان. قۇياشنى بولسا ئەڭ ئۇلۇغ بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. چۈنكى قۇياش ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ۋە ئىسسىق، سوغۇق ئارقىلىق ئۇلارغا تەھدىت سالىدىغان بولغاچقا، ئىنسانلاردا كۈنگە چوقۇنۇش ئادىتى پەيدا بولغان. كۆككە چوقۇنۇش قۇياشنى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتۈن كائىناتتىكى ئاي، يۇلتۇز... قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن.

يۇقىرىقى ئېتىقادلار خەلقىمىزنىڭ ئىسىم، ئۇنۋانلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى، ئىرادە،



مەقسەتلىرىنى، تىلەكلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، پەرزەنتلىرىگە «كۆك» نى سىمۋول قىلىپ ئىسىم قويغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي يىرىك ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى «ئايخان» بولۇپ، ئوغۇزخاننىڭ كۆك نۇردىن تۆرەلگەن ئايالىدىن بولغان بالىلىرىغا «كۈن»، «ئاي»، «يۇلتۇز» دېگەن ئىسىملار قويۇلغان②.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا يەنە ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغۇللىرىنى ئاۋۋال كۈن چىقىشقا بۇيرۇغانلىقى، كۈنگە چوقۇنۇشنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. بۇ خىل ئېتىقاد كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن: «تۈرك (ئۇيغۇر) قاغانلىرىنىڭ چوڭ چېدىرى ئۆتۈكەن تاغلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىشىكى كۈن چىقىش تەرەپكە قارايتتى»③. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى «كۈن چىقىش» كۈننى (قۇياشنى) تەڭرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە «كۈن چىقىش» ئەزەلدىن غەلىبىنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قارالغان.

شامان دىنىدا ئاي، يۇلتۇز ئېتىقادىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئەمگەك پائالىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە كۈندۈزى قۇياشنىڭ ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولغانلىقىنى، كېچىسى ئاي بىلەن يۇلتۇزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلاردا ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان چوڭقۇر ئېتىقاد شەكىللەنگەن. مەسىلەن: «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخاننىڭ تۇنجى ئايالى ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغاچقا، ئۇ ئەڭ گۈزەل تىللار بىلەن ئاتالغان. «نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغان قىزنىڭ پېشانىسىدىكى چوغدەك مېڭى تۆمۈر قوزۇق (شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى) غا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەنگەن④. بۇ يەردىكى ئوخشىتىش ئەدەبىياتتىكى ئادەتتىكى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن قىلىنغان ئوخشىتىش بولماستىن، بەلكى يۇلتۇزغا بولغان ئېتىقاد بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا تەۋە مەڭگۈتاشلار ۋە يازما خاتىرىلەردە: «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان» (ئاي تەڭرىدىن بەختلىك بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك، دانا خاقان)، «كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان» (كۈن تەڭرىدىن ئۇلۇغ بولۇپ تۆرەلگەن دانا خاقان)، «ئايبېك»، «ئايتېكىن»، «كۈنبېك» دېگەنلەر بەزى ۋاقىتلاردا ئىسىم، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنۋان بولۇپ قوللىنىلغان.

مەنىۋى دۇنيادا شەكىللەنگەن ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن، تۇرمۇشتا ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دىنىي ئېتىقادى بولغان ئىسلام دىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق دىنغا قارىغاندا سىستېمىلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا قەدىمكى شامان دىنىنىڭ بەزىبىر قالدۇقلىرىنى سىقىپ چىقىرىۋېتەلمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىغا ئىسلام تۈسىنى بېرىپ بېيىتتى.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە كىرگەندىن كېيىن يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا شامان دىنىنىڭ كۆك (ئاسمان) مۇقەددەسلىكى ھەققىدىكى پارچىلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن:

مەسىلەن: ئاسمانغا تۈكۈرسە، يۈزگە چۈشۈر (باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭ، ئۆزەڭگە يانار دېگەنلىكتۇر)④.

شامان دىنىدا: بارلىق ئالەم كۆك تەڭرىنىڭ ئىلكىدە، تەڭرى بىلەن ياخشىلىق ئىلاھى كۆك (ئاسمان) نىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تۇرىدۇ. تەڭرى ئاتا كۆك ئاسماندىن يارالغان...»⑤ دېگەن چۈشەنچىلەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە

تۇرمۇشىدا بۇ خىل كۆككە تېۋىنىش ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرىنى ئاسانلا بايقىۋالالايمىز. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈن چىقىشقا قاراپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلماسلىق، ئۆينىڭ دەرۋازىسىنى كۈن چىقىشقا قارىتىپ سېلىش، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن تۇرۇپ كېتىش، ئەگەر كۈن چىقىشتىن بۇرۇن تۇرۇپ كەتمىسە شۇ كىشىنى نەس بېسىپ، ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ، دەيدىغان قاراشلار ھازىرمۇ تۇرمۇشىمىزدا خېلى چوڭقۇر.

ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلەردىن يەنە بالا ئېمىتىۋاتقان ئايال بالىنى سۈتتىن ئايرىماقچى بولسا كەچتە يۇلتۇز چىققاندا كۆكسىنى ئېچىپ ئاي، يۇلتۇزلارغا قاراپ تارغاق بىلەن كۆكسىنى تاراپ بەرسە سۈت ئۆزلۈكىدىن تاراپ كېتىدۇ، ئېغىر ئاياغ ئايال ئاي - كۈنى توشاي دېگەندە كەچتە قورسىقىنى ئايغا قارىتىپ سىلاپ بەرسە بالا ئايدەك چىرايلىق بولىدۇ، يېڭى چىققان ھىلال ئاي توغرىسىغا چىقىپ قالسا تەبىئىي ئاپەتنىڭ بەلگىسى، تىك چىقسا ئامەتنىڭ بەلگىسى، دېھقانلار يېزىلاردا توخۇغا تۇخۇم باستۇرغاندا كەچتە يۇلتۇزغا قاراپ باستۇرسا ھەممە تۇخۇمدىن ساق چۈجە چىقىدۇ، كېچىسى يول يۈرگەندە ھۆكەر يۇلتۇزغا ئەگىشىپ ماڭسا يولىدىن ئازمايدۇ، كېچىدە يۇلتۇز ئاقسا ئادەم ئۆلگەننىڭ بەلگىسى... دەيدىغان قاراشلار ھازىرمۇ بار.

ئۇندىن باشقا خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يارىنى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار بىلەن سۈپەتلەش كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئاينىڭ بالىسى دەيمۇ؟
كۈننىڭ بالىسى دەيمۇ؟
چىرايلىقتىن چىرايلىقسەن
كۆزۈمنىڭ قارىسى دەيمۇ...

دېگەنگە ئوخشاش شېئىر - قوشاقلار ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تومۇرىغا باشتىن - ئاخىر سىڭىپ كەتكەن.

بۇندىن باشقا كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنى كىشى ئىسىملىرى سۈپىتىدە قوللىنىش ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، مەسىلەن: قۇياشجان، ئايتۇرغان، ئايجامال، ئايتولدى، كۈنتۇغدى، ئايگۈل، ئاينۇر، يۇلتۇز، چولپانئاي، ئايقۇت، ئايقىز، ئايسۇلتان، تۇرسۇنئاي، تۇرغۇنئاي، ئايخان، شەمشىقەمەر، شەمشىدىن، قەمەر، زۆھرە...

قىسقىسى، كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان ئېتىقاد شامان دىنى دەۋرىدە شەكىللىنىپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە مەلۇم ئېتىقاد ئىزنالىرىنى ساقلاپ كەلگەن. مانا بۇ ئېتىقاد خەلقىمىزنىڭ ئىستېتىك پائالىيىتىگە ئورۇن بەرگەن بولۇپ، مىللىتىمىز ئېڭىدا ئېتىقاد ساقىندىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ئىزاھلار:

① بايىر روزى: «‹ئوغۇزنامە› دىكى شامان دىنى ئېتىقادى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 2 - سان.

② ئەسەت سۇلايمان: «قۇمۇل ناخشا - قوشاقلىرىدىن شامان دىنى ئىزنالىرىغا بىر نەزەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 - يىللىق 4 - سان.

③ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار تۈزگەن: «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى.

④ ئابدۇكېرىم راخمان: «تۈركىي تىللار دىۋانى، دىن شامان دىنىغا بىر نەزەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 - يىللىق 3 - سان.

⑤ ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

«جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»

## ئىككىنچى بۆلۈم

# I باب. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەۋملەرنى ئۆز قارىمىقىغا ئېلىشى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئوردا سىياستى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، قاراقچىلار ھەرتەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، جاڭ شيەنجۇڭ چېڭدۇنى ئىگىلىۋالدى، لى زىچېڭ بېيجىڭنى ئىشغال قىلدى، شەنخەيگۇەن قوۋۇقىنى ساقلاپ تۇرغان خائىن ۋۇ سەنگۇي ئامراق توقىلى چېن يۈەنيۈەننى لى زىچېڭ تارتىۋالغانلىقتىن، دۈشمەننى ئۆز ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، مانجۇ ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، لى زىچېڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مانجۇخانى شىزۇ بېيجىڭغا كىرىپ، جۇڭخۇانى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەختنى تارتىۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. شىزۇ يىلنامىنى «شۇنجى» دەپ ئاتىدى، كېيىن تەخت شېڭزۇ، شىزۇڭ، گاۋزۇڭغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ يىلنامىسى كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ دەپ ئاتالدى. كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ خان جۇڭگونىڭ بايلىقىغا تايىنىپ، چېگرا رايونلارنى باشقۇرۇپ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. بۇلارنىڭ ئەڭ داڭلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:


شەرقىي شىمالدا چارروسىيە ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، «نېرچىنسكى شەرتنامىسى» نى تۈزۈپ، تاشقى ھىنگان تاغلىرى جۇڭگو - چارروسىيە چېگرىسى قىلىندى.

شىمالدا خالخا (تاشقى موڭغۇلىيە) نى ئۆز قارىمىقىغا ئالدى، غەربىي شىمالدا جۇڭغارلارنى، ئۇيغۇرلارنى تىنچىتتى، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى ئەل قىلىپ ئۆزىگە قارام قىلدى.

غەربتە شىزاڭ بىلەن چىڭخەينى تىنچىتتى، يەنە چوڭ - كىچىك جىنچۈەنلەر تۇپىلىڭىنى تىنچىتتى.

غەربىي جەنۇبتا گورگالارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى باستۇردى، يەنە بېرما، سىيام، ئاننامنى قولغا كىرگۈزۈپ ئۆزىگە قارام قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى شەرقتە رىيۇ - كيۇ تاقىم ئاراللىرىدىن غەربتە ئافغانىستانغىچە، شىمالدا تاڭنۇ ئورانقايدىن جەنۇبتا سىنگاپورغىچە بولغان جايلارنى، شەرقىي شىمالدا ساخالىن ئارىلىنى، غەربىي جەنۇبتا گورگا (نېپال)، سىككىم، بۇتاننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئەمما بۇ كىتابتا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا دائىر ئىشلارنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، ئالايلى خالخانى ئۆز قارىمىقىغا ئېلىش، شىزاڭنى تىنچىتىش، چىڭخەيدىكى ئۇرۇشلارنى تىنچىتىشمۇ قوشۇمچە بايان قىلىنىدۇ. شىنجاڭ دېگىنىمىز، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى چارۋا مال باقىدىغان ماكانىدۇر. جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تاغ - دەريالىرى، زېمىنى ئىچكىرىگە تەۋە بولدى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇنى يېڭىدىن قولغا كەلتۈرگەن زېمىن دەپ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىدى. بۇنداق دەپ ئاتاش دەسلەپ «پادىشاھ زېمىنىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە كۆرۈلدى.



www.uyghurkitap.com

# 1 § . چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى غەربىي شىمال چېگرا قورۇلى سىرتىدىكى كۈچلۈك قەبىلىلەر

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى غەربىي شىمال چېگرا قورۇلى سىرتىدىكى كۈچلۈك قەبىلە جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار تەڭرىتاغنى پاسىل قىلغان؛ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكىلەر جۇڭغارلار، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكىلەر ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

1. جۇڭغارلار جۇڭغارلار ئويراتلارنى تەشكىل قىلغان تۆت قەبىلىنىڭ بىرىدۇر. تۆت قەبىلە بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبى، موڭغۇل سەھراسىنىڭ غەربىدە كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن ياشايدۇ، ئۇلار ئەسلى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چارۋىچىلار ئىدى، ئۇلار تۆگە، ئات، كالا، قوي دېگەن تۆت قەبىلىگە ئايرىلغان بولۇپ، تۆت ئويرات دەپ ئاتىلىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋالالار (ئويرات دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى) دەپ ئاتالغانىدى. مىڭ چېڭزۇ ۋالالار (ئويراتلار) نىڭ قەبىلە باشلىقى ماخامۇغا شۇنىڭۋاڭ دېگەن ئاتاق بەرگەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەدرىجىي روناق تاپقان. مىڭ چېڭزۇ شەخسەن ئۆزى يۈرۈشكە چىقىپ، ئۇلارنى مەغلۇب قىلغان، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئېسەن تەختكە ئولتۇرغاندا، ئۇلار ناھايىتى قۇدرەت تېپىپ ۋەھشىيلىشىپ كەتكەن، بىرنەچچە قېتىم چېگرىغا باستۇرۇپ كېلىپ، جۇڭگوغا چوڭ بىر ئاپەت بولۇپ قالغانىدى. ئېسەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى تۆۋەندىكىچە:

ئويرات موڭغۇللىرى

خوشۇت قەبىلىسى — ئۈرۈمچى (كېيىن چىڭخەيگە يۆتكەلدى)

جۇراس قەبىلىسى — ئىلى (جۇڭغار)

دۆربۈت قەبىلىسى — ئېرتىش دەرياسى

تۇرغۇت قەبىلىسى — تارباغاتاي

ئويراتلار كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، خاراكتېرى قوپال، قەيسەر ۋە ئۇرۇشقاق كېلىدۇ، لاما دىنىنىڭ نىنما مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، ئومۇمەن بىرەر ئىش توغرىسىدا قارار چىقارغان ياكى پىلان تۈزگەن چاغدا، جەزمەن لامادىن مەسلىھەت ئېلىپ، ئاندىن ئىش كۆرىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ چۇڭجېن يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا خوشۇتلارنىڭ گۇشى خانى ئۈشتۈمتۇت چىڭخەيگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىگىلىۋالدى، يەنە ئەسكەر باشلاپ شىزاڭغا كىرىپ، زاڭباخانىنى يوقاتتى، كامۇ (ھازىرقى شىكاڭ ئۆلكىسى) نى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇراس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى باتۇر قۇنتەيجى يېقىن قەبىلىلەرنى پىلە قۇرتىدەك يېيىشكە باشلىدى، تۇرغۇت قەبىلىسى ئىلاجىسىزلىقتىن روسىيىگە كېتىپ، ئېدىل دەرياسى (ۋولگا دەرياسى) بويىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. يەنە دۆربۈتلارنى تەھدىت بىلەن بېقىندۇرۇۋالدى. ئەسلى خوشۇتلارنىڭ يايلىقى بولغان ئۈرۈمچىنى جۇراسلار ئىگىلىۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇراسلار كۈچلىنىشكە باشلىدى، ئۇلار كۆپ قېتىم روسىيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇلغۇن تېرىسىگە ئۇلارنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئالدى. باتۇر قۇنتەيجى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى زېڭگى ئولتۇردى، ئۇ ئۆگەي ئانىدىن تۇغۇلغان ئاكىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. زېڭگىنىڭ بىر قورساق ئىنىسى غالدان شىزاڭدا لاما ئىدى، ئۇ مىنگودىن 239 يىل بۇرۇن (كاڭشى 12 - يىلى) قايتىپ كېلىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. غالداننىڭ قارا نىيىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسىنى قوشۇۋېلىش كويىدا بولدى، شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن خوشۇتلار خانى جۇرچىن خان (چىچەن خان) نىڭ قىزىنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ياخشى بولۇشقانلىقىنى ئىپادىلىدى. مىنگودىن 235 يىل بۇرۇن (كاڭشى 16 - يىلى) خوشۇتلار جۇڭغارلارنىڭ ئاسىيلىرىنى ئۆز قوينىغا ئالدى دېگەن باھانە بىلەن خوشۇتلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، خوشۇتلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ خانى دابان خاننى ئۆلتۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تۆت ئويراتنىڭ ھەممىسى غالدانغا تەۋە بولدى، غالدان تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. كېيىنكى يىلى يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىنى قولغا كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى تېخىمۇ ئارتىپ كەتتى.

2. ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا، يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك زېمىنىدا ياشايدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، بۇ جايغا بۇددا دىنى كىردى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگە كەلگەندە بۇددا دىنى يەنىلا ھەرقايسى بەگلىكلەردە

گۈللىنىش ھالىتىدە بولدى (جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «فاشيەن خاتىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە: خوتەن پۇقرالىرى بۇددا دىنىغا ناھايىتى ئىخلاسمەن بولۇپ، كۆپچىلىكى ماھايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، ئىدىقۇتلۇقلار قوشۇمچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قارا شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ساكيامۇنى (بۇددا) دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، پەرھىز تۇتۇپ، ئەقىدىگە ئەمەل قىلاتتى. خوتەنلىكلەر بۇددا دىنى قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى، ئىبادەتخانىلار بىلەن راھىبلار ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. «تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، كۇچا، شۇلى دۆلەتلىرى بۇددا قائىدىلىرىنى ناھايىتى قەدىرلەيتتى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئېيتىلىشىچە: قوچۇدا ئەللىك نەچچە جايدا بۇددا ئىبادەتخانىسى بار ئىدى، يەنە مانى دىنى ئىبادەتخانىسىمۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا پېرسىيىلىك راھىبلار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز دىنىي قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلاتتى). سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىسلام دىنى كىرىشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەرەبلەرنىڭ كۆچى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىردى، بۇ جايدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تەدرىجىي تۈردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. مىلادىيە 946 يىل بۇرۇن (سۇڭ تەيزۇنىڭ چيەندې 4 - يىلى) بۇغرا ئىسىملىك قەشقەر خانى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن، خەلقمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇغرا غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇرۇشتا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، خەلقنى بۇلاپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ئىدى. مىلادىيە 940 يىل بۇرۇن (كەيباۋ 5 - يىلى) تەڭدىن تولىسى ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتۇرۇلدى. قايتمىغانلىرى تۇڭگان دەپ ئاتالدى، «تۇڭگان» دېگەن سۆز قايتماي تۇرۇپ قالغانلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ①. 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەسكەر باشلاپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، بۇ توپنىڭ ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئۇيغۇر ۋە خۇيخۇيلار (ئىسلام دىنىدىكى پارس، ئەرەب، تۈركىي قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار ئىدى. جۇڭگونىڭ شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىكى خەلقمۇ، ئارقا - ئارقىدىن بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلدى. خۇيخۇيلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلار بۇ دىننى خۇيخۇي دىنى دەپ ئاتىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە مۇھەممەت يۈسۈپ (ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر نەۋرە ئاكىسى ئەلى ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئىككىنچى ئەۋلاد ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت يۈسۈپ 26 - ئەۋلاد ھېسابلىنىدۇ) كۆكئارتتىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئىسلام دىنىنىڭ رەھبىرى بارلىققا كېلىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر. يۇقىرىقىلار ئىسلام دىنىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىشىنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن ئىبارەت.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھاكىمىيەتكە كەلسەك، ئەسلى بۇ جاي چىڭگىزخاننىڭ 2 - ئوغلى چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرىغا سۇيۇرغال قىلىنىپ كېلىنگەنىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چىڭگىزخاننىڭ 19 - ئەۋلاد نەۋرىسى ئابدۇللا ياركەنت خانى بولدى. ئاندىن ئۇ ئىنىلىرىنى تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن، قاراشەھەر، ئۇچتۇرپان، قەشقەر قاتارلىق 8 شەھەرگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ چاغدا يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتى ئەۋلادلىرى كۈنسېرى خارابلىشىپ كەتتى؛ ئىسلام دىنى كۈنسېرى كەڭ تارقىلىپ، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ خەلقىدىن ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغانلار ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار تەدرىجىي تۈردە يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتى ئەۋلادلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ روناق تېپىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋە دىنىي ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئالدى. ئىسلام دىنى ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار (ئادەتتە ئاق تەقىيەلىكلەر ۋە قارا تەقىيەلىكلەر دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ، ھەرقايسى ئۆز پىرىنىڭ تەلىپىگە ئەمەل قىلىپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن بولدى. بۇ چاغدا ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ پىرى ئاپئاق خوجا قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ پىرى ئىسھاق خوجا تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئۇ كەشمىر ئارقىلىق شىزاڭغا بېرىپ، بەشىنچى دالاي لامادىن ياردەم تەلەپ قىلدى. دالاي لاما غالدانغا ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە ياردەم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەسلى غالداننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى يۇتۇۋېتىشتەك قارانىيىتى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 234 يىل بۇرۇن (كاڭشى 17 - يىلى) ئەسكەر باشلاپ تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، قارا تاغلىقلار مەزھىپىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتى ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھەرقايسى خانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتى ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى تامامەن يوقىتىلدى. ئاپئاق خوجا ياركەنتتە تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇلدى. جۇڭغارلارنى ئاڭجى (جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئەمەل نامى) قىلىپ تەيىنلەپ، ھەرقايسى شەھەرلەردىن ئىجارە ھەققى ۋە باج يىغىشقا قويدى، بۇيرۇق - پەرمانلارنى پۈتۈپ ئۇيغۇرلارنى لەرزىگە كەلتۈردى،

www.uyghurkitap.com

كۆز كېلىپ هوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، جۇڭغارلار مۇسۇلمانلار شەھەرلىرى ئەتراپىدا ئىجارە ھەققى ۋە باج يىغدى، ھەربىر مۇسۇلمان ئەر بىر تۇتۇن دەپ ئاتالدى، ھەرھەپتە كۈندە بولىدىغان بازاردا بىر توپ رەخت ياكى بىرنەچچە قوي تېرىسى، بىر سۇلەيسۇن تېرىسى تاپشۇرىدىغان بولدى، بۇنى تۇرى بويىچە بىر - بىرلەپ ئالدى، ئاشلىقنى يىغىۋالغاندا، هوسۇلنى مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇر) بىلەن تەڭ بۆلۈپ ئالدى، بۆلۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قالغان ئاشلىقنىڭ ئوندىن بىرىنى باج هېسابىدا ئالدى. بۇ ئىشقا ئەۋەتىلگەن باشلىق قاتارلىقلارنى كالا گۆشى، هاراق - شاراپ، ئاياللار بىلەن كۈتتى، ئۇلار بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، كۆپلەپ قاقتى - سوقتى قىلدى، بېرىلگەن نەرسىلەر كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، خالىغانچە ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇڭا مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇر) بارلىق ئاق ئاشلىقلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى يەرگە كۆمىدىغان بولدى، ئۇلار هازىرمۇ بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرماقتا. يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دالىلىرىدا توپا قورغانلار جىق، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 3 - 4 گەز بولۇپ، تېگىدە ئۆرىسى بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا جۇڭغارلار دائىم كېلىپ پاراكەندىچىلىك سالىدىكەن، ياكى تۆت - بەشى، نەچچە ئونى بىر توپ بولۇپ كېلىپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، چارۋا ۋە مەھسۇلاتلىرىنى بۇلايدىكەن، سەللا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن، شۇڭا قورغان ياساپ، ئادەملەر ئېچىگە يوشۇرۇنۇۋالىدىكەن، ماللىرىنى يەر ئاستىغا يوشۇرۇپ، تۆشۈكلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئېتىپ قويىدىكەن.

غالدان تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى، چىڭخەينى ئىگىلەپ، غەربتە قازاقلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، يەنە خالخا (هازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە) نى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولدى. شۇڭا ئۇ ئالتاي تېغىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، دۆربۆتلارنى بىر تەرەپتىن دېهقانچىلىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئاشلىقنى مول غەملەپ، پۇرسەت كەلگەندە ھەرىكەت قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلار بىلەن ئالاقە قىلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن يۈز بەردى.

# 2 § . قۇمۇل بىلەن تۇرپاننى ئەل قىلىش

ھەرقايسى سۇلالىلەردىن غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغانلار جەزمەن ئالدىن قۇمۇل بىلەن تۇرپاننى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئەسكەر كىرگۈزۈشنىڭ يولى قىلىپ كەلدى، مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئىئۇرغول بىلەن ئالدى قاڭقىلىنى قولغا كىرگۈزۈشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىئۇرغول بىلەن ئالدى قاڭقىلنى قولغا كىرگۈزۈشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىئۇرغول بىلەن ئىدىقۇتنى ئىگىلىشى بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالى هېسابلىنىدۇ، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارغا هۇجۇم قىلغاندىمۇ ئوخشاشلا ئالدىن بۇ ئىككى جاينى ئەل قىلىپ، بۇ جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن گۆيسۈي (ئۇلانباتور) نى مەركەز قىلغان تاشقى موڭغۇلىيىدىن قوبدۇغا يۈزلەنگەن شىمالىي يول بىلەن بۆلۈك هاسىل قىلدى. شۇڭا بۇ ئىككى جايىنىڭ ئىچكىرىگە بېقىنىشىنىڭ كېيىنكى چاغدا جۇڭغارلارنى تارمار قىلىش ۋە ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىش ئۇرۇشىدا ياردىمى ناهايىتى كۆپ بولدى. تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى ئەل قىلىش جەريانىنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

قۇمۇلنىڭ ئىچكىرىگە بېقىنىشى    قۇمۇل بېگى باباخان، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى، يەكەن خانى ئابدۇللانىڭ ئىنىسىدۇر. مىنگودىن 265 يىل بۇرۇن (شۇنجى 4 - يىلى) قۇمۇل دەسلەپ گەنجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاشلىق تەلەپ قىلدى ۋە دۆلەتكە ساداقەتمەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. 2 يىلدىن كېيىن، خېشىلىق تۇڭگانلاردىن دىڭ گودۇڭ قۇمۇل، تۇرپاندىكى تۇڭگانلارنى توپلاپ، جىيا يۈگۈەن قوۋۇقىدىن بېسىپ كىرىپ، سۇجۇنى ئىشغال قىلدى ۋە باباخاننىڭ ئوغلى تولۇنتەيىنى خان قىلىپ تىكلەپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن يۈز ئۆرىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى سۇجۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، دىڭ گودۇڭنى تىرىك قولغا چۈشۈردى ۋە نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. جىيا يۈگۈەن قوۋۇقىنى بېكىتىپ، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدى. بۇ چاغدا جۇڭغارلار كۈچلىنىپ، ئۆزۈن ئۆتمەي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قوشۇۋالدى. قۇمۇلمۇ ئۇلارغا بېقىندى.

مىنگودىن 216 يىل بۇرۇن (كاڭشى 35 - يىلى) جۇڭغار خانى غالدان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىن ئاشلىق ئېلىش كويىدا بولدى. بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى مۇئاۋىن تۇتۇقى ئانەندا بۇلۇڭگىر (يۈمېن ناهىيىسىنىڭ غەربىدە)، لاپچۇق (قۇمۇلنىڭ شەرقىدە)، بارىكۆل، دۆربىلجىن يوللىرىدا قاراۋۇلخانىلار قۇردى. دەل بۇ چاغدا قۇمۇل بېگى ئەبەيدۇللا جىيايۈگۈەن

قوۋۇقىغا ئەلچى ئارقىلىق نامە ئەۋەتىپ ئىچكىرىگە بېقىنىشنى تەلەپ قىلدى. چىلا سۇلالىسى ئوردىسى بۇنىڭغا قوشۇلدى ھەمدە غالدانغا ئاشلىق ياردەم قىلماسلىقنى، ئەگەر ئۇ قۇمۇلغا كەلسە، ئۇنى تۇتۇپ تاپشۇرۇپ بېرىشنى، ئۇنى باشقا يەرگە قاچۇرۇۋەتمەسلىكنى بۇيرۇدى. كېيىنكى يىلى، غالدان ئۆلۈۋالدى، ئۇنىڭ ئوغلى قۇمۇلغا ئاشلىق ئېلىشقا كەلگەندە، قۇمۇللۇقلار ئۇنى تۇتۇپ، چىلا سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. چىلا سۇلالىسى ئوردىسى ئەبەيدۇللانىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ئۇنىڭغا خانلىق جاساق تامغىسى ۋە قىزىل تۇغ تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى گۇپا(ۋاپا) ئولپان ئەكىرىش ئۈچۈن، 100 ئادەمنى باشلاپ سۇجۇغا كېلىپ تۇردى. ئولپان ئەلچىلىرى سانى 15 ئادەم قىلىپ بەلگىلەندى، ئۆتەڭ ئاتلىرى بىلەن پايتەختكە كىرىدىغان بولدى، كېيىنكى يىلى قۇمۇلغا ئەمەلدار ئەۋەتىپ، موڭغۇللارنىڭ تۇغلۇقلار تۈزۈمىگە ئوخشاش قوشۇن تەشكىللەپ، قوشۇن باشقۇرغۇچى زەڭگى، ياردەمچى قوشۇن باشقۇرغۇچى زەڭگى، جارا ئېرجېن ①، نىرۇ زەڭگى②، جەسۇر چەۋەندازلار نەۋكەر بېشى قاتارلىقلارنى تەيىنلىدى. سۇجۇدا ئايرىم ھالدا بىر نىرۇ زەڭگىسى تەيىنلەندى، يەنە قۇمۇللۇقلارنىڭ گەنسۇغا بېرىپ سودا - سېتىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. بۇ قۇمۇلنىڭ رەسمىي ھالدا ئىچكىرىگە بېقىنىشىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، چىلا سۇلالىسىنىڭ كۈچى جيا يۈگۇەن قوۋۇقىدىن ھالقىپ چىقىپ، غەربىي يۇرتنىڭ دەرۋازىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

جۇڭغارلار قۇمۇللۇقلارنىڭ غالدانىنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ بېرىشىگە قارىتا ئاداۋەت ساقلاپ كەلدى. مىنگودىن 197 يىل بۇرۇن (كاڭشى 54 - يىلى) 2000 كىشىلىك جۇڭغار ئاتلىق قوشۇنى قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىردى، چىلا سۇلالىسىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق 200 ئەسكىرى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارغا شىددەت بىلەن زەربە بەردى. جۇڭغار ئاتلىق قوشۇنى چېكىنىپ كەتتى. جۇڭغارلارنىڭ يەنە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان چىلا سۇلالىسى ئوردىسى: «قۇمۇلدا تەشكىللەنگەن قوشۇن ئىچكىرىدىكىلەردىن پەرقلەنمەيدۇ، قانداقمۇ بۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن؟ . . . دەپ پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن، چوڭ قوشۇن ئەۋەتىپ بارىكۆلدە مۇداپىئەدە تۇرغۇزدى. يەنە قۇمۇلغا ئاشلىق توپلاشقا پەرمان چۈشۈردى. كېيىنكى يىلى فونىڭئەن بولۇنگىر، قۇمۇل، بارىكۆل، دۆربىلجىن قاتارلىق جايلاردا سۇيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت يەرلەرنى تاللاپ، ئەسكەر ئېلىپ، بۇ جايلاردا تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش توغرىسىدا ئوردىغا مەلۇماتنامە يېزىپ رۇخسەت ئالدى. بۇ چىلا سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. مىنگودىن 187 يىل بۇرۇن (يۇڭجېڭ 3 - يىلى) چىلا سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن جۇڭغارلار سۇلھى قىلغانلىقتىن، بارىكۆلدىكى چوڭ قوشۇن چېكىندۇرۇلدى، جۇڭغارلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چېگرىغا بېسىپ كېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، قۇمۇلدا 1000 كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزدى؛ كۆتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، جيا يۈگۇەن قوۋۇقىدىن قۇمۇلغىچە بولغان جايلاردىكى ھەربىي راباتلار يەنىلا ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىندى. 4 يىلدىن كېيىن، چىلا سۇلالىسى ئوردىسى يەنە چوڭ قوشۇن ئەۋەتىپ بارىكۆلدە تۇرغۇزدى، قۇمۇل، لاپچۇق قاتارلىق جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇشنى كەڭ تۈردە يولغا قويدى، ھەريىلى 4000 دەن ئاشلىق ئالدى، 6 يىلدىن كېيىن، چىلا سۇلالىسى يەنە جۇڭغارلار بىلەن سۇلھى قىلىپ، چوڭ قوشۇننى چېكىندۇردى، پەقەت جۇڭغارلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنىڭ شەرققە باستۇرۇپ كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇمۇلدا 4000 كىشىلىك قوشۇن، بۇلۇنگىردا 5000 كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزدى. قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى جايىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش بۇرۇنقى ھالىتى بويىچە قالدى.

چىلا سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇلدا تۇرۇپ، كەڭ تۈردە تېرىقچىلىق قىلدى، كېيىن چيەنلۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە زور كۈچ بىلەن جۇڭغارلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى، جەنۇبىي يول قوشۇنى مۇشۇ يەردىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، شىمالىي يول قوشۇنى بىلەن قارىمۇ قارشى بۇلۇڭ ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ يىغقان ئاشلىقى بىلەن ئەسكەرلەرنى تەمىنلەپ، ئاشلىق توشۇش ئاۋارىچىلىقىنى ئازايتتى. ئەبەيدۇللانىڭ ئەۋرىسى يۇسۇپ ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىشقا ياردەم بېرىپ تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىنانچىخان (جۈنۋاڭ) ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە خالخا، غەربتە تۇرپان، جەنۇپتا قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئارايۇلتۇز، شىمالدا تەڭرىتاغ چېگرىسىدىكى بارىكۆل بىلەن چەكلەندى. ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۇيغۇر پۇقراسى 1950 تۈتۈن، 12 مىڭ 163 نوپۇس (بۇ چيەنلۇڭنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى سانلىق مەلۇمات) ئىدى. ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋاڭ (ئىنانچىخان) بولدى، مىنگونىڭ 19 - يىلىغا كەلگەندىلا، ئاندىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قوشۇۋېلىندى.

**2. تۇرپاننىڭ ئىچكىرىگە بېقىنىشى** تۇرپاننىڭ سۇلتانى ياركەنت خانى ئابدۇللانىڭ ئىنىسى ئىدى. مىنگودىن 266 يىل بۇرۇن (شۈنجى 3 - يىلى) ئەلچى ئارقىلىق مەكتۇپ ۋە ئولپان ئەۋەتتى، پەرمان بىلەن، پايتەختتىكى خۇيتۇڭ سارىيى ۋە لەنجۇدا سودا قىلدۇردى. ئەمەلدارلارنى نازارەتچى قىلىپ قويۇپ، تۆمۈر ۋە ھەربىي قوراللار سودىسى قىلىشقا يول قويمىدى. بۇ چىلا سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. دىڭ گودۇڭ سۇجۇنى ئىگىلەپ تۇرغان چاغدا، تۇرپانلىقلارمۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئىچكىرىدىكى خەلقنى تالان - تاراج قىلغانىدى. سۇجۇ تىنچىتىلغاندىن كېيىن جيا يۇگۇەن قۇۋۇقى ئېتىلىپ، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلگەنىدى. مىنگودىن 257 يىل بۇرۇن (شۈنجى 12 - يىلى) ياركەنت خانى ئابدۇللا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئولپان ئەۋەتىش، ئىچكىرىنىڭ خەلقىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە ئولپان ئەكەلگۈچىلەرنىڭ 30 كىشى بولۇشىنى، ئەكەلگەن ماللىرىنى پايتەختتىكى خۇيتۇڭ سارىيىدا سېتىشىنى، كېلىشىمدە يول بويلىرىدا مالنى باشقا جايلارغا يۆتكەپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماسلىقنى بەلگىلەپ بەردى. ئولپان بۇيۇملىرى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن قاشتېشى ۋە ئاتتىن تەركىب تاپتى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تاۋار - شايى سوۋغات قىلدى.

جۇڭغارلار كۈچلەنگەن چاغدا، تۇرپان ئۇنىڭ قارىمىقىدا بولدى. مىنگودىن 192 يىل بۇرۇن (كاڭشى 59 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى سانغۇنى ئاران ئەسكەر باشلاپ پىچان، لۈكچۈنگە كىردى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تەسلىم بولدى، بىر قىسمى جۇڭغارلارغا قوشۇلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چېكىنگەندە، جۇڭغارلار تۇرپانلىقلارنى زورلاپ قاراشەھەرگە كۆچۈردى، بېرىشنى خالىمىغانلار يېرىم يولدىن قېچىپ كېلىپ، لۈكچۈن شەھىرىگە يىغىلىپ ئولتۇردى، كېيىنكى يىلى، ئاران 2000 ئەسكەرنى باشلاپ، تۇرپانغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى جۇڭغار ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈردى. كېيىنكى يىلى باركۆلدىن 500 ئەسكەرنى تۇرپانغا يۆتكەپ كېلىپ، سېپىل ياساش، بوز يەر ئېچىش، ئاشلىق توشۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىغا سېلىش بىلەن، جۇڭغار ئاتلىقلىرىنىڭ جەنۇبقا باستۇرۇپ كېلىشىدىن مۇداپىئەلەندى. ئۇ جايدا ئەسكەرلەر تېرىقچىلىق قىلىپ، ھەر يىلى 5000 دەن ئاشلىق تاپشۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى. مىنگودىن 187 يىل بۇرۇن (يۇڭجېڭ 3 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى جۇڭغارلار بىلەن سۈلھى قىلىپ، چوڭ قوشۇننى چېكىندۈردى. تۇرپانلىقلار جۇڭغارلارنىڭ تەھدىت سېلىشىدىن قورقۇپ، ئىچكىرىگە كۆچۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكىرىگە كۆچكەن 650 تۈتۈن سۇجۇ چېگرىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. توققۇز يىلدىن كېيىن تۇرپانلىقلارنىڭ باشلىقى ئىمىن خوجا يەنە 800 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، تۇرپاننىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرى ئادەمسىز قالدى. مىنگودىن 158 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 19 - يىلى) ئوردا گۇاجۇغا ئەمەلدار ئەۋەتىپ، قۇمۇلدا قىلغاندەك قوشۇن تەشكىللەپ، قوشۇن باشقۇرغۇچى زەڭگى، مۇئاۋىن قوشۇن باشقۇرغۇچى زەڭگى، جارائېرجىن، نىرۇ زەڭگى، جەسۇر چەۋەندازلار نۆكەر بېشى قاتارلىقلارنى تەيىنلىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، تۇرپان خەلقىنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىگىلىك ۋە كەسپلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئىمىن خوجا ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىشقا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئىنانچىخان (جۈنۋاڭ) ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە قۇمۇل، غەربتە قاراشەھەر، جەنۇبتا قۇملۇق، شىمالدا تاغ بىلەن چەكلەندى. قاراشلىق ئۇيغۇر پۇقراسى 2973 تۈتۈن، 13 مىڭ 373 نوپۇس بولدى (بۇچيەنلۇڭنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى سانلىق مەلۇمات). ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى بۇ يەردە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋاڭ (ئىنانچىخان) بولدى. تۈگجى يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىنى ۋە خەلقى قايتۇرۇپ ئېلىندى، لېكىن ئۇنۋانى يەنىلا بۇرۇنقىدەك قالدۇرۇلدى.

## 3 § . جۇڭغارلارنى تىنچىتىش

كاڭشى زامانىدا جۇڭغار خانى غالدان شەرقتىكى خالخاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، شىمالىي سەھرانى ئىگىلەپ، جۇڭگوغا باستۇرۇپ كىردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كەڭ كۆلەمدە ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى، غالدان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ جىيەنى سېۋىن ئاربۇدان ئىلىدىكى بۇرۇنقى يەرلەرنى ئىگىلەپ، جۇڭغارلارغا خان بولدى، قايتىدىن قۇدرەت تېپىپ، شىزاڭغا پاراكەندىچىلىك سالدى، ئۇلارمۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن دادىسىنىڭ ئۇرۇشخۇمارلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى، يۇڭجېڭ زامانىدا، كۆپ قېتىم قۇمۇل ۋە خالخاغا پاراكەندىچىلىك سالدى، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنى ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەھشىلىكى جىمىقتى. چيەنلۇڭ زامانىدا جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى باشلىقلارنىڭ كۆپى چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى، چىڭ

سۇلالىسى ئوردىسى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇن چىقىرىپ، تەسلىم بولغانلارنى ئالدىغا يول باشلاشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى تۇتقۇن قىلىپ، زېمىنىنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**1. جۇڭغارلارنىڭ خالخاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى** — دەسلەپتە خالخالار ئۈچ قەبىلىگە بۆلۈنەتتى (تۈشەتۇ قەبىلىسى توغلا دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمە چارۋىچىلىق قىلاتتى، جاساقتۇ قەبىلىسى قاڭغاي تېغىنىڭ غەربىي ئېتىكىدە كۆچمە چارۋىچىلىق قىلاتتى، چېچەن قەبىلىسى كورۇلۇن دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمە چارۋىچىلىق قىلاتتى). ئادەم سانى نەچچە يۈز مىڭ بولۇپ، شىمالىي سەھرادىكى كۈچلۈك قەبىلە ئىدى. مىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان موڭغۇللار لامالارغا خۇشامەت قىلىش، بۇددا نوملىرىنى ئاڭلاش بىلەن بولۇپ، ھەربىي مەشق ئىشلىرىنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. يەنە قەبىلە پۇقرالىرى ھاراقخۇمار بولۇپ، بىر - بىرىنى ھاقارەتلەش ۋە كەمستىش بىلەن بولدى. شۇڭا غەربىي قوشنىسى بولغان جۇڭغارلار ئۇلارنىڭ كويىدا بولدى. مىنگودىن 228 يىل بۇرۇن (كاڭشى 23 - يىلى) تۈشەتۇ قاتارلىق ئۈچ قەبىلە ئىچىدە ئىچكى ماجىرا يۈز بەردى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەۋەتكەن ئەلچى شىنزاڭنىڭ دالاي لاماسىنىڭ ئەلچىسى بىلەن بىرلىكتە بېرىپ ياراشتۇرماقچى بولدى، ئەمما بۇ چاغدا غالدانمۇ بىرلىكتە ئەلچى ئەۋەتىپ، مەخپىي ھالدا ئۇنىڭغا قەستەن تۈشەتۇ خانىنى ھاقارەت قىلىشنى بۇيرۇدى. تۈشەتۇخان غەزەبلىنىپ، ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. غالدان بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قىساس ئالماقچى بولۇپ، روسىيە ئەسكەرلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى. خالخا ئايغاقلىرى تەكشۈرۈپ، بۇنداق ئىش يوق دېگەچكە، مۇداپىئەلىنىش بوشىشىپ كەتتى. غالدان قايتا - قايتا جار سالسىمۇ، خالخالار بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. غالدان يوشۇرۇنچە مىڭ نەپەر لامانى ئۇنىڭ زېمىنىدا چارۋا بېقىشقا ئەۋەتتى، خالخالار بۇنىڭغىمۇ ئېرەن قىلمىدى. مىنگودىن 224 يىل بۇرۇن (كاڭشى 27 - يىلى) غالدان 3000كىشىلىك كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، قاڭغاي تېغىدىن ئۆتۈپ، خالخالارنىڭ ئۈچ قەبىلىسىنىڭ سېپىنى بۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە چوڭ لاما جازۇن دامبە خوتۇقتۇنىڭ بارگاھىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچ قەبىلىدىكى نەچچە يۈز مىڭ ئاما پاتپاراق بولۇپ، سەھرانىڭ جەنۇبىغا قېچىپ تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئامبارلارنى ئېچىپ ئۇلارغا ئاشلىق، چاي ۋە رەخت تارقىتىپ قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى ھەمدە كورچىن زېمىنىدىن خالخالارغا چارۋا باقىدىغان يەر ئارىيەت بېرىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، سەھرانىڭ شىمالىنى غالدان ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇ تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ كەتتى.

مىنگودىن 222 يىل بۇرۇن (كاڭشى 29 - يىلى) غالدان خالخالارنى ئارقىسىدىن قوغلاشنى باھانە قىلىپ، 20 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ خۇلۇنچىدىن جەنۇبقا ئۆتۈپ، جۇڭگوغا باستۇرۇپ كىردى. ئالدى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇننى ئۈجۈمچىندا مەغلۇپ قىلدى. بۇ چاغدا جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئەل ئىچى تىنچ ئىدى. شېڭزۇ غالداننىڭ چوڭ ئىشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلەتتى، يەنە خالخالارنى سەۋەبسىز ئۇ جايدا چارۋا باقتۇرۇشقا بولمايتتى، شۇڭا ئۇ ئىككى يول قوشۇننى گوبى ۋە شىفېڭدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىزدىن چىقىرىپ، قارشى جەڭ قىلىشنى قارار قىلدى، ئۆزىمۇ چېگرا سىرتىغا چىقىپ قوشۇننى باشقۇردى. غالدان ئىچكىرىلەپ ئۆلەنبۇتۇڭ (بۇگۇنكى رېخې ئۆلكىسى چىفېڭ ناھىيىسى ئىچىدە) غا كىرگەندە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىندى، ئۇ بىچارە قىياپەتتە قوبدۇغا قېچىپ كەتتى، ئۇلاردىن نەچچە مىڭ ئادەملا تىرىك قايتىپ كېتەلدى.

مىنگودىن 217 يىل بۇرۇن (كاڭشى 34 - يىلى) غالدان يەنە 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، كورۇلۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىنى ئىگىلەپ ئالدى، شۇنىڭ بىلەن، شېڭزۇ سابۇسۇ سانغۇننى ئەۋەتىپ، مانجۇ كورچىن ئەسكەرلىرىنى شەرق تەرىپىدىن چىقاردى؛ فېي ياڭگو شەنشى، گەنسۇ ئەسكەرلىرىنى يېتەكلەپ نىڭشيادىن چىقىپ، ئۇنىڭ غەربىدىن ھۇجۇم قىلدى. شېڭزۇ جەڭ ھارۋىسى بىلەن دۇشكۇ ئېغىزىدىن چىقتى. كېيىنكى يىلى 4 - ئايدا چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، كورۇلۇن دەرياسىغا باردى. غالدان كېچىدە قېچىپ كەتتى. ئۇ جاۋمۇدۇ (كۇلۇننىڭ شەرقىدە) غا يېتىپ بارغاندا فېي ياڭگۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇ چېكىنىپ تامىر دەرياسى (ئورخۇن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى) بويىنى ئىگىلەپ ياتتى. يەنە كېيىنكى يىلى، شېڭزۇ نىڭشياغا كېلىپ، سابۇسۇ بىلەن فېي ياڭگۇنى قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە بۇيرۇدى. بۇ چاغدا غالداننىڭ ئىلىدىكى بۇرۇنقى زېمىنىنى زېڭگىننىڭ ئوغلى سېۋەن ئارۇبدان ئىگىلىۋالغان، ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي پۈتۈنلەي قولدىن كەتكەنىدى؛ ئۇيغۇرلار ۋە چىڭخەيمۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەنىدى؛ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېگى ئەبەيدۇللا مۇشۇ يىلى جۇڭگوغا بېقىندى. غالدان قوشۇنى يىللاپ جاپالىق جەڭ قىلغاچقا، چارۋا مېلى بىلەن سەرخىل ئەسكەرلىرى ئۆلۈپ تۈگەي دەپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ چوڭ قوشۇن كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقى تىنچىتىلدى. خالخالارنىڭ ئۈچ قەبىلىسى بۇرۇنقىدەكلا سەھرانىڭ شىمالىدا خاتىرجەم چارۋىچىلىق قىلدى. يۇقىرىقى ئۈچ قېتىملىق ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق كۈچلۈك

غالدان يوقىتىلىپ، خالخا بېقىندى قىلىنىۋېلىندى. يەنە شىمالدا قوبدۇ، غەربتە قۇمۇل قولغا كىرگۈزۈلۈپ، جۇڭغارلارغا ئىككى يولدىن قىستاپ بېرىپ ھۇجۇم قىلىش بازىسى قىلىندى.

## 2. جۇڭغارلارنىڭ شىنجاڭنى مالىمان قىلىشى

دەسلەپتە سېۋىن ئاراۋبدان تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئىلىنى ئىگىلىۋالدى، بورتالا دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. دادىسىنىڭ بۇرۇنقى ۋەزىرلىرىدىن يەتتە ئادەمنى ئىشقا سېلىپ، تارقىلىپ كەتكەن پۇقرالىرىنى جەم قىلدى، دۆربۆت تەيجىلىرى ئۇنىڭغا بېقىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز زېمىنىنى ئېرتىش دەرياسى بويىغىچە كېڭەيتىپ، جۇڭغارلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنى ئۆز قول ئاستىغا ئالدى. غالدان ئۆلگەندە، ئىلى ئەتراپى ئىگىسىز قالدى، سېۋىن بولسا، تېخى كۈچىيەلمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غەلىبە قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بېسىپ كىرىپ ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى بېقىندۇرۇپ، زېمىنىنى ئىگىلىگەن بولسا، نەچچە مىڭ چاقىرىم تاغ - دەريالار بۇرۇنلا جۇڭگو زېمىنى تەركىبىگە كىرگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ، ئارىلىق يىراق، ناھايىتى كۆپ قاتناش خىراجىتى كېتىدۇ، دەپ قارىدى؛ بۇنىڭ ئۈستىگە سېۋىن ئۆز ۋاقتىدا غالداننىڭ جەسىتىنى بۇلاپ ئېلىپ ئوردىغا بەرگەنلىكى، كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئىتائەتمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئۇنىڭ چارۋىچىلىق قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ قايتا كۈچلىنىپ غەربىي شىمالدىكى چوڭ ئاپەت بولۇپ قالدى. سېۋىن ئاراۋبدان تەدبىرلىك ھەم كۆڭلىگە پۈككەن چوڭ مەقسىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭغارلارنى باشقۇرغاندىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۇدا تاجاۋۇز قىلدى، كۈچى بارغانچە قۇدرەت تاپتى. مىنگودىن 197 يىل بۇرۇن (كاڭشى 54 - يىلى) سېۋىن ئاراۋبدان قۇمۇلنىڭ شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسىدىن فۇكاڭئەن زور قوشۇننى باشلاپ، گەنجۇدىن چىقىپ، بارىكۆلگە كەلدى. ئوردىغا مەلۇمات يېزىپ رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئەتراپىدا ئەسكەر توپلاپ تەييارلىق قىلىپ مۇداپىئەلەندى. كېيىنكى يىلى سېۋىن ئاراۋبداننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، چوڭ سېرىن دوندۇپ 6000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، خوتەندىن يولغا چىقىپ كوئىنلۇن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوشتۇمتۇت لاساغا بېسىپ كىرىپ، لاساڭخاننى ئۆلتۈردى (خوشۇتلار خانى دايەن خاننىڭ نەۋرىسى). شىزاڭ چوڭ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قېلىپ، جۇڭگودىن ياردەم تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شېڭزۇ نيەن گېڭياۋنى چېڭدۇدا ئەسكەر توپلاشقا، يۈن تىنى شىنىڭدا ئەسكەر توپلاشقا ئەۋەتىپ، شىزاڭغا كىرىپ تازىلاش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چېڭخەيدىن ۋە سىچۈەندىن ئىبارەت ئىككى يولدىن شىزاڭغا كىرىپ، جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، سېرىن دوندۇپ كەلگەن يولى بىلەن قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى دالاي VI نى تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن، شىزاڭ تىنچلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى يەنە فۇنىڭئەننى بارىكۆلدىن، فۇرداننى ئالتايدىن جۇڭغارلارنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا سېۋىن ئاراۋبدان روسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى، شەرق تەرەپنىڭ مۇداپىئەسى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. مىنگودىن 190 يىل بۇرۇن (كاڭشى 61 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئىلى يىراقتا ۋە ئارىلىقتا خەتەرلىك توسالغۇلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىچكىرىلەپ كىرمىدى. جامزۇن دامبە خوتۇقتۇ يەنە ۋاكالىتەن گۇناھىنى تىلىگەنلىكى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى غەربىي شىمالدىكى ئىككى يول قوشۇننى تەدرىجىي چېكىندۇردى. كېيىنكى نەچچە يىل ئىچىدە قۇمۇل، بارىكۆل، تۇرپاندا ۋە بۇلۇنگىر دەرياسى بويىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، جۇڭغارلارنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلەندى. ئومۇمەن سېۋىن ئاراۋبداننىڭ شىزاڭدا مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىزاڭ جۇڭگوغا قارام زېمىن قاتارىغا كىردى.

مىنگودىن 189 يىل بۇرۇن (يوڭجېڭ 1 - يىلى) چېڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسى باشلىقى لوبساڭ دەنجىن (گۇشىخاننىڭ نەۋرىسى) چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ مۇستەقىل بولىۋالدى. سىچۈەن، شەنشى باش ھەربىي ۋالىيسى نيەن گېڭياۋ ئۇلارنى تىنچىتتى. لوبساڭ دەنجىن جۇڭغارلار ئارىسىغا قېچىپ كەتتى، سېۋىن ئاراۋبدان ئۇنى قوبۇل قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەلچى ئەۋەتىپ، تۇتۇپ تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. چېگرىغا ھۇجۇممۇ قىلمىدى.

### 3. جۇڭغارلارنىڭ يەنە بىر قېتىم خالخاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

مىنگودىن 185 يىل بۇرۇن (يوڭجېڭ 5 - يىلى) سېۋىن ئاراۋبدان ئۆلدى، ئوغلى غالدان سېرىن ئورنىغا ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ ئۇرۇشخۇمار بولۇپ، كۆپ قېتىم جۇڭگو چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇلارنىڭ ئۆۋىسىنى بىراقلا ۋەيران قىلىش ئويىدا بولدى. مىنگودىن 183 يىل بۇرۇن (يوڭجېڭ 7 - يىلى) شىزۇڭ فۇرداننى ئالتايدا، يۆجۇڭچى بارىكۆلدە تۇرۇپ، ئەسكەر چىقىرىشقا

تەييارلىق قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. قۇمۇل بىلەن بارىكۆل ئارىلىقىدا كۆشۈتى داۋىنى (داۋاندا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە فېي شىڭجېيەن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئورناتقان خاتىرە تاش بار ئىدى. خاتىرە تاش موڭغۇل تىلىدا كىشتۇ دەپ ئاتىلىدۇ، شۇڭا بۇ داۋان شۇنداق ئاتالغان) بار بولۇپ، داۋاندا چارۋىچىلىق مەيدانى بار ئىدى. كېيىنكى يىلى قىشتا غالدان سېرىن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇشتۇمتۇت كۆشۈتىدىكى چارۋىچىلارنى بۇلاپ، چوڭ غەنىيمەت ئېلىپ قايتتى. كېيىنكى يىلى 6 - ئايدا غالدان سېرىن يەنە كىچىك سېرىننى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىمالىي يولغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى. تىل ئەۋەتىپ، قەستەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشۈرگۈزدى، ئۇ يالغانچىلىق قىلىپ، جۇڭغارلارنىڭ چوڭ قوشۇنى تېخى يېتىپ كەلمىدى، ئۇنىڭ ئالدىنقى قوشۇنىدا پەقەت 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەر، 20 مىڭ ئات - تۆگە بار، ئۇلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئارىلىقى 30 يول كېلىدۇ، دېدى. فۇردان جاسارەتلىك بولسىمۇ، لېكىن تەدبىرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ سۆزگە ئىشىنىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلدى. جۇڭغارلار 20 مىڭ ئەسكەرنى جىلغىغا پىستۇرما قىلىپ قويدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، يىراقتا غىجەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ، جۇۋا كىيگەنلەر تۆت تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۇرشاۋۇل قىسمىنىڭ 4000 ئەسكىرىنى خېتوڭبودا (قوبدۇنىڭ غەربىدىكى 200 چاقىرىم جايدا) قورشىۋالدى، ئوقيا ئوقلىرى يامغۇردەك چۈشتى، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى سان جەھەتتىن ئاز بولغاچقا، ئۆزىدىن كۆپ بولغان دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. فۇردان تېزلىكتە ئارقىدىكى قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئۆلگەنلەر بەكمۇ كۆپ بولدى، قوبدۇغا پەقەت 2000 ئادەم تىرىك قايتىپ كېلەلىدى. جۇڭغارلار چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، پۇتلىرىنى ماتاپ، ئۈستىگە تۇلۇم قاپلاپ، ئاتلىرىنىڭ كەينىگە ئارتىپ ناخشا ئېيتقان ھالدا قايتىپ كېتىشتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا، غالدان سېرىن غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شىمالىي يولغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، كىچىك سېرىننى خىللانغان ئاتلىق ئەسكەردىن 6000 نى باشلاپ تۇرشاۋۇل بولۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ئارقىدىن ماسلاشتى. تۇشەتۇ قەبىلىسىدىن بولغان ئېفۇ سېرىن چىڭگىزخاننىڭ 18 - ئەۋلاد نەۋرىسى تومبېگكېننىڭ ئەۋلادى ئىدى، ئۇ خالخالارنىڭ ئاجىزلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ئۆزى بىر قوشۇن تەشكىللەپ مەشق قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ قوشۇن خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. بۇ چاغدا ئۇلار جۇڭغارلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. كېيىنكى يىلى 7 - ئايدا، غالدان سېرىن پۇقرالىرىنى ئۆزى باشلاپ، خالخاغا بېسىپ كىردى. قوبدۇ بىلەن چاغانبو (قوبدۇنىڭ 200 چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىدا) دا بۇ يەردە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ لاگېرى بولغانلىقتىن، ئەگىپ ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ مېڭىپ، مەخپىي ھالدا قانغاي تېغىغا يېتىپ بېرىپ، جامزۇن دامبە خوتۇقتۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى يەرلەرنى تالان - تاراج قىلدى. جامزۇن دامبە بارگاھىنى دولونبۇغا كۆچۈرۈپ كەتكەچكە، جۇڭغارلار ھېچقانداق غەنىيمەت ئالالمىدى. 8 - ئايدا ئايغاقچىلار ئارقىلىق ئېفۇ سېرىننىڭ بارگاھتا يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە مال - چارۋىلىرىنى تالان - تاراج قىلدى، سېرىن بۇ بالايى - ئاپەتتىن خەۋەر تېپىپ، چېچىنى ۋە مىنىك ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ، تېزلىكتە قايتىپ بېرىپ پۇقرالىرىغا ياردەم قىلالمىغانلىقى توغرىسىدا ئاسماننى كۆرسىتىپ قەسەمياد قىلدى. سېرىننىڭ قول ئاستىدا توقخۇن ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇ بىر كېچە - كۈندۈزدە مىڭ چاقىرىم يول باسالايتتى، ھەر قېتىم بىر چوقمىغا چىققاندا، ئىككى قولدا كىيىمنىڭ ئېتەكلىرىنى يېيىپ، خۇددى قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان بۈركۈتتەك تۇراتتى، شۇڭا دۈشمەن ئۇنى يىراقتىن سېزەلەيتتى. ئۇ دۈشمەن قوشۇنى ئەھۋالىنى قويماي بىلىۋالاتتى. ئۇ قايتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، موڭغۇل ئەسكەرلىرىدىن 30 مىڭ كىشىنى باشلاپ، يېقىن يوللاردا مېڭىپ تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، تاڭ سەھەردە تاغ تۆۋەنگە قاراپ ئېتىلىپ، خۇددى بوران ۋە شىددەتلىك يامغۇردەك دۈشمەنگە تاشلاندى. جۇڭغار ئەسكەرلىرى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئادەملەر ئوقيالىرىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئاتلارغا ئىگەر توقۇلمىدى، ئۇلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، غەربكە قاراپ قاچتى. موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قالماي قوغلاپ ماڭدى، يول بويى 10 نەچچە قېتىم جەڭ بولدى، قوغلاپ ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قانغاي تېغى، يەنى قەدىمكى يەنرەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە بارغاندا، بۇ جاينىڭ ئوڭ تەرىپىدە تاغ، سول تەرىپىدە دەريا بولغانلىقتىن، يول تارىيىپ، كۆپ ئادەم پاتماي قالدى، يەنە چوڭ لاما ئىبادەتخانىسى دەريا بويىدا توغرىسىغا توساپ تۇرغانلىقتىن، ئالدىنقى تەرەپتە يول تۈگەپ، تۇيۇق يەرگە كېلىپ قالدى. موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئەمدىلا گۈگۈم چۈشكەن چاغدا خەتەرلىك جايلاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قىستاپ باردى. ئۇر - چاپ سادالىرى تاغ جىلغىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. جۇڭغار ئەسكەرلىرىدىن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە سۇغا چۈشۈپ ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ھەددى ھېسابسىز بولدى. غالدان سېرىن

www.uyghurkitap.com

تۇندىن پايدىلىنىپ سەپتىن بۆسۈپ چىقىپ غەربكە قاچتى. ئۇ غەربىي لازىمەتلىكلەرنى ۋە مال - چارۋىلارنى تامام تاشلاپ كەتتى. غەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن مال - چارۋىلار پۈتۈن جىلغىنى قاپلاپ، قوغلاپ ماڭغان ئەسكەرلەرگە توسالغۇ بولدى. ئەپسۇسكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى يول بويىدا توساپ زەربە بەرمەي، دۈشمەننىڭ غەربكە قېچىپ كېتىشىگە يول قويۇپ، يولۋاسنى تاغقا چىقىرىۋەتتى، ئىنۇسىرىن جۇڭغارلارنى ئىككى قېتىم چوڭ تالاپەتكە ئۇچرىتىپ تۆھپە قوشقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇنۋانى ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا چىنۋاڭ ئۇنۋانى بېرىلدى، ئۇنىڭ پۇقراسى ئايرىم بىر قەبىلە، يەنى سەنيىن نويان قەبىلىسى قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن، خالخالارنىڭ قەبىلىسى كۆپىيىپ تۆت قەبىلە بولدى.

مىنگودىن 178 يىل بۇرۇن (يۇڭجېڭ 12 - يىلى) جۇڭغارلار ئەلچى ئەۋەتىپ يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. شىزۇڭ شىڭزۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى «قاراقچىلارنى قورشاپ يوقىتىشتا يىراققا بېرىپ قايتىشقا توغرا كېلىدۇ، بىزنىڭ قوشۇنىمىز بارسا بىز جاپا چېكىمىز، قاراقچىلارنىڭ قوشۇنى كەلسە، قاراقچىلار چارچايدۇ، پەقەت ھەربىي تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ئازدۇرۇپ ئەكىلىپ زەربە بېرىشلا ئىشەنچلىك تەدبىردۇر» دېگەن مەخپىي بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەنىدى. جۇڭغارلار ئۆتكەن يىلى قاتتىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يىراققا كېتىپ، ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى يول چوڭ قوشۇنىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىمال بىلەن غەربتىكى ئىككى يول ئەسكەرلىرى چېكىندۈرۈلدى. شىمالىي يول قوشۇن ئورخۇن دەرياسى بويىغا قەلئە سېلىپ، شۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىپ، كۆزلۈك يىغىمنى قوغدىدى؛ غەربىي يول قوشۇن قۇمۇل، باركۆلدە تۇردى. جۇڭغارلار ئالتاي تېغىدىكى بۇرۇنقى يەرلىرىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئارىدا ئەلچىلەر بېرىپ كېلىپ تۇردى، مىنگودىن 175 يىل بۇرۇنقى ۋاقىت (چيەنلۇڭ 2 - يىلى) قا كەلگەندىلا، ئاندىن مەسلىھەتلىشىپ، ئالتاي تېغى خالخالار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان زېمىنىنىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

## 4. جۇڭغارلارنىڭ يوقىتىلىشى

مىنگودىن 167 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 10 - يىلى) غالدان سېرىن ئۆلدى، ئىككىنچى ئوغلى سېۋىن دورجى نامۇجار ئانىسى ئابرويلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ خان بولدى. خاراكتېرى تەلۋە ھەم ۋەھشى بولغاچقا، يەزنىسى (ھەدىسىنىڭ ئېرى) سەيىن بۆلەك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، غالداننىڭ چوڭ ئوغلى لاما دارجا خان قىلىپ تىكلەندى. قول ئاستىدىكىلەردىن بەزىسى غالداننىڭ كىچىك ئوغلى سېۋىن دانشىنى خان قىلىپ تىكلەش ئويىدا بولدى. لاما دارجا سەيىن بۆلەكنى ئۆلتۈردى ھەمدە كىچىك سېرىنىنىڭ ئوغلى داشداۋانى ئۆلتۈردى. ئاتالمىش چوڭ - كىچىك سېرىنلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە جۇڭغار ھەربىي سەركەردىلىرى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، كۆپ قېتىم تۆھپە كۆرسەتكەنىدى، شۇڭا خەلق ئۇلارنى قەدىرلەيتتى. دەسلەپتە تۇرغۇتلار شىمالغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، دۆربۈتلارغا تەۋە بولغان خوۋىتلار ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ بېرىپ، خوۋىت قەبىلىسى بولۇپ شەكىللەندى. خوۋىت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئامۇرسانا ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ لامادارجاغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، چوڭ سېرىنىنىڭ نەۋرىسى داۋاچىنى خان قىلىپ تىكلىدى. ئامۇرسانا تۆھپىسىدىن مەغرۇرلىنىپ، دۋاچى بىلەن يېرىكلىشىپ قالدى، شۇڭا ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلدى. ئامۇرسانا مەغلۇپ بولۇپ، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەردىن 2000 ئادەم، پۇقرالاردىن 20 مىڭ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. بۇ مىنگودىن 158 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 19 - يىلى) كۈز ۋاقتى ئىدى. ئالدى بىلەن، داشداۋا ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن سالار مىڭ تۈتۈننى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولغانىدى. داۋاچى خان بولغان چاغدا دۆربۈت تەيجىسى سەنچىرېن قاتارلىقلار 3000 تۈتۈننى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى. چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇلارنىڭ ئىچكى ماجىراسىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بەيئەت قىلغانلارغا ئۇنۋان بەردى. قول ئاستىدىكىلەرگە ماددىي قۇتقۇزۇش بەردى ھەمدە غەربىي شىمالدىكى ئىككى يول قوشۇننى ۋاقتى كەلگەندە ئىشقا سېلىش ئۈچۈن، يۆتكەپ چېگرىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئامۇرسانا رىخې ئۆلكىسىگە پادىشاھ ھوزۇرىغا سالامغا كەلگەندە، ئىلىنى قانداق قىلىپ قولغا كىرگۈزگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي پىكىر بايان قىلدى، گاۋزۇڭ بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا چىنۋاڭ ئۇنۋانى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭغارلارنىڭ جەسۇر سەركەردىسى مامۇتې (玛木特) تەيجىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقىنى كۆرۈپ، چوقۇم چوڭ قوشۇن كېلىدۇ، دەپ جەزىم قىلدى ھەمدە ئۇ داۋاچىنىڭ ياردەم قىلىپ يۆلەشكە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، جۇڭغارلارنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇمۇ جۇڭغارلاردىن ئايرىلىپ كېلىپ بەيئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭغارلارنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا كېلىۋالدى، بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار جۇڭغارلارنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى.

ئوردا كېلەر يىلى كۆزدە چوڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇدۇل ئىلىغا بېسىپ كىرىشنى مۇزاكىرىگە قويدى. ئامۇرسانا بىلەن ماموتې: «چېگرا سىرتىدا كۆز مەزگىلىدە قوشۇنىمىزنىڭ ئاتلىرى سېمىز ھەم تىمەن بولىدۇ، دۈشمەننىڭ ئاتلىرىمۇ سېمىز ھەم تىمەن بولىدۇ. باھاردا تەييارلىقسىز تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ھوجۇم قىلغانغا يەتمەيدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەن يىراققا قېچىپ كېتەلمەيدۇ، ھۇجۇم بىلەنلا دۈشمەننى قولغا چۈشۈرۈپ، كېيىن كېلىدىغان ئاپەتنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. يەنە ئېرتىش دەرياسى بويىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى غەملىگىلى بولىدۇ، ياخشىسى ئالدى بىلەن بىر تۈمەن ئەسكەر كىرگۈزۈپ قولايلىق يەر شارائىتىنى ئىگىلەش، ئاندىن 20 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەرتىپكە سېلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەش لازىم» دەپ تەكلىپ بەردى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇلارنىڭ پىلانى بويىچە ئىش كۆردى. كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا ئىككى يول قوشۇن يۈرۈشكە چىقتى: شىمالىي يول قوشۇنغا بەندى شىمالنى تىنچىتىش سانغۇنى، ئامۇرسانا مۇئاۋىنى قىلىپ تەيىنلەندى، قوشۇن ئۇلاستايدىن يولغا چىقتى؛ غەربىي يول قوشۇنغا يۇڭچاڭ غەربنى تىنچىتىش سانغۇنى، سانار مۇئاۋىنى قىلىپ تەيىنلەندى، قوشۇن باركۆلدىن يولغا چىقتى. ئىككى يول قوشۇننىڭ ھەر بىرىدە 25 مىڭ ئەسكەر، 70 مىڭ ئات بار ئىدى. بەيئەت قىلغان سەركەردىلەر ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئىككى يول قوشۇننىڭ ئاۋانگارتى بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەرقايسى قوشۇن ئىككى ئارىلىق ئاشلىق ۋە تەمىنات ئالدى ۋە بورتالا دەرياسى بويىدا ئۇچرىششقا كېلىشتى. ئىككى مۇئاۋىن سانغۇن ئۆزىنىڭ بۆرۈنقى قوشۇنىنى تەشكىللەپ ئالدىدا ماڭدى، ھەرقايسى قەبىلە ئادەملىرى ۋەزىيەتكە قاراپ ئۇلارغا ئەگەشتى، قوشۇن نەچچە مىڭ چاقىرىم يول مېڭىپ، ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىدى. ئىككى يول قوشۇن توختاۋسىز مېڭىپ، 5 - ئايدا بورتالا دەرياسى بويىدا ئۇچراشتى. داۋاچى ھاراق - شارابقا بېرىلىپ، تەييارلىقسىز تۇرغانىدى. شۇڭا ئالدىراش يېقىنلىرىنى پەرمان ئوقى تۇتقۇزۇپ ئەسكەر ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئۆزى تۈمەن كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇننى باشلاپ، ئىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 180 چاقىرىم جايدىكى گېدېڭ تېغىغا بېرىپ مۇداپىئەلەندى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇنىڭ ئەسكەر ئېلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېلىدىكى پاتپاراقچىلىقتىن تولۇق خەۋەر تاپتى. ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ غەيرىتى ئاشتى، بەس - بەستە ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل دۈشمەن ئۇستىگە قاراپ ماڭدى. گېدېڭ تېغىغا يېتىپ بارغاندا، كېچىدە بەيئەت قىلغانلاردىن ئايۇشى قاتارلىقلارنى 20 نەچچە ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يول چارلاشقا ئەۋەتتى. ئايۇشى تۇندىن پايدىلىنىپ، دۈشمەن لاگىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ، نەيزىنى توغرا تۇتۇپ، بايراقنى كۆتۈرۈپ قاتتىق ۋارقىرىدى. دۈشمەن قوشۇنى يىمىرىلدى. داۋاچى 2000 كىشىلىك ئاتلىق بىلەن قېچىپ كەتتى، قالغانلىرى جەڭ قىلماي تەسلىم بولدى. 20 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر تەسلىم بولغانلاردىن 6000 دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ، تاڭ سەھەردە لاگىرغا قايتىپ كەلدى. داۋاچى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىغا باردى، قول ئاستىدىكىلەر قېچىپ پىتىراپ كەتتى، پەقەت 100 ئەسكىرىلا قالدى، ئۇ ئۇچتۇرپان شەھىرىگە باردى. ئۇچتۇرپان باشلىقى خوجىس چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ پەرمانى بويىچە داۋاچىنى تۇتۇپ ئەكىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغارلار دەسلەپكى قەدەمدە تىنچىتىلدى.

دەسلەپتە تۆت ئويراتلار ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئاستىدا ئەمەس ئىدى. خانلىق ۋە پۇقرالىق ئايرىمىسىمۇ يوق ئىدى. جۇراس قەبىلىسىدىن باتۇر قۇنتەيجى دەسلەپ كۈچلەندى، ئاندىن غالدان روناق تاپتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا تۆت قەبىلىنىڭ باشلىقى نەچچە ئەۋلاد جۇڭگو بىلەن قارشىلاشتى. بۇ ئىش 80 نەچچە يىل داۋام قىلدى. بۇ چاغدا گاۋ زۇڭ دۆربۈتلار بىلەن خوشۇتلارنى بۆرۈنقىدەك قالدۇرۇپ، خوۋتلارنى تۇرغۇتلارغا تولۇقلاپ، جۇراسلارنى جۇڭغارلار ئورنىغا دەسسىتىپ، يەنىلا تۆت ئويراتلار قىلىپ تەشكىللىدى. ئامۇرسانا قاتارلىق تۆت نەپەر بەيئەت قىلغان ئادەمنى خان قىلدى. ئامۇر ساناغا 9 - ئايدا رېخې ئۆلكىسىگە كېلىپ، تۆت قەبىلە تەيجىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنۋان - ئاتاق بېرىش مۇراسىمىغا قاتنىشش بۇيرۇقى چۈشۈردى. كېيىن ئامۇرسانانىڭ قارا نىيىتى چوڭ ئىدى. ئۇ تۆت قەبىلىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇپ، غەربىي يۇرتتا ھاكىم مۇتلەق بولۇش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۆزىنى تۆت قەبىلىنىڭ باش تەيجىسى قىلىپ تەيىنلىشىنى ئويلايتتى. ئۇ ئىلىدا ئۆزىچە باشخان ئەلپازىدا يۈردى. ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئەسكەر يۆتكەپ، ئۆلتۈرۈش ۋە جازالاش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئوردا ئىنئام قىلغان كىيىم بىلەن ئوتتۇغاتنى كىيمىدى. مۇئاۋىن سانغۇنلۇق تامغىسىنى ئىشلەتمەي، جۇخارگۇل شەكىللىك، يۆگىمەچ خەت شەكلىدە «باتۇر» دېگەن ئىسىم ئويۇلغان تامغىنى ئىشلەتتى. ھەرقايسى قەبىلىلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان دېگەن سۆزنى قىلماسلىقنى، ئۆزىنىڭ مانجۇ، خەنزۇ، موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇ جايلارنى تىنچىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. يەنە يوشۇرۇنچە قازاقلار ۋە بۇيرۇتلارنى ئەۋەتىپ، «ئەگەر ئامۇرسانا تۆت قەبىلىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرمىسا، چېگرىدا خاتىرجەملىك بولمايدۇ» دېگەن سۆزلەرنى تارقاتتى.

ئۇ ئۆز پىرقىلىرى بىلەن كېچە - كۈندۈز باش قوشۇپ سۈيىقەست پىلانلىدى. ئۇ ناھايىتى سىرلىق بولۇپ، ئەسلى قىياپىتىنى بىلىپ بولمايتتى. بۇ چاغدا بەندى ئىلىدا تۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارنى ھەل قىلىشنى پىلانلاۋاتاتتى. ئۇ ئامۇرسانىڭ سۈيىقەستلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن مەخپىي ھالدا مەلۇم قىلدى. گاۋ زۇڭ بەندىگە ئۇنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. چوڭ قوشۇن چېكىنىپ كەتكەنلىكتىن، بەندى ئۇنىڭغا قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، پەقەت ئۇنى پادىشاھ ھوزۇرىغا سالامغا بېرىشقا سۈيلىدى. ئامۇرسانا ئوتتۇرا يولغا بارغاندا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەلدى ۋە ھەممە تەرەپتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. ئىلىدىكى لامالار قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. بەندى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇ چاغدا يۈكچاڭ خىللانغان نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇرۇمچى ئەتراپىدا تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ ئۆزگىرىشنى ئاڭلاپ يۈرەك ئالدى بولۇپ، ئەسكەرلەرنى باركۆلگە چېكىندۈرۈپ كەتتى ھەمدە ئەسكەرلەرنىڭ تەمىنات ئاشلىقىنى قومۇلغا يۆتكىدى. شىمالىي يول قوشۇنى ياردەم بەرمىگەنلىكتىن، قاراقچىلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا، گاۋزۇڭ غالساڭنى جۇراسلارخانى، شاكدۇنى خوشۇتلار خانى، بايارنى خوۋىتلار خانى، چىرىننى دۆربۆتلار خانى قىلىپ تەيىنلىدى (دەسلەپتە ئاسىي ئامۇرسانانى تەيىنلەش پىلانلانغانىدى، ئۇ يۈز ئۆرۈپ كەتكەنلىكتىن، ئورنىغا چىرىن تەيىنلەندى). كېيىنكى يىلى 1 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يەنە ئىككى يولغا ئايرىلىپ، قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن ئىلىغا كىردى، ھەرقايسى خانلار قوشۇنغا قوشۇلۇپ ياردەم بەردى. ئاسىي ئامۇرسانا مەغلۇپ بولۇپ، قازاقلار ئارىسىغا كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جورراسلار بىلەن خوۋىتلاردىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە قاتارلىقلار يەنە توپىلاڭ كۆتۈردى، ئاسىي ئامۇرسانا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، قايتىپ كېلىپ قاراقچىلار بىلەن بورتالا دەرياسى بويىدا ئۇچراشتى ۋە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاش ئويىدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭغارلار ئىچىدە قايتا چوڭ مالىمانچىلىق باشلاندى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ئىلىدىن چېكىنىپ چىقتى. مىنگودىن 155 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 22 - يىلى) 3 - ئايدا چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭقول مۇئاۋىن سانغۇن جاۋخۇي غەربىي يولدىن چىقىپ، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سولقول مۇئاۋىن سانغون چېڭگوزا شىمالىي يولدىن چىقىپ، ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا جۇڭغارلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى يوتۇۋېلىش بىلەن بولۇۋاتاتتى؛ يەنە ئۇلار ئارىسىدا يۇقۇملۇق چېچەك كېسەللىكى كەڭ تارقىلىپ كەتكەنىدى. جاۋ خۇي قاتارلىقلار ئۇدۇل بېسىپ كىرىپ، دۈشمەننى قىردى. ئاسىي ئامۇرسانا قارشى تۇرۇشقا كۈچى يەتمەي، قازاقلار ئارىسىغا كەتتى. قازاقلارنىڭ ئاقساقىلى ئۇنى تۇتۇپ تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. ئاسىي ئامۇرسانا روسىيىگە بېسىپ كىردى. شۇ يىلى قىشتا چېچەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلدى. روسىيىلىكلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. جاۋ خۇي شۇ يەردە تۇرۇپ قالدۇق پىرقىلىرىنى تازىلىدى. مىنگودىن 152 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا كەلگەندىلا، ئاندىن بۇ يەر تىنچلاندى. دەسلەپتە جۇڭغارلار 20 نەچچە مىڭ تۈتۈن، 600 نەچچە مىڭ نوپۇس ئىدى. بۇ قېتىمقى چېچەك كېسەللىكىدە ئوندىن تۆتى ئۆلۈپ كەتتى؛ ئۇرۇشتا ئوندىن ئۈچى ئۆلدى؛ ئوندىن ئىككىسى روسىيە بىلەن قازاقلار ئىچىگە قېچىپ كەتتى؛ ئورنىدا ئامان قالغانلىرى ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەيتتى. كىشىلەر بۇنى «ئويراتلار بېشىغا چۈشكەن بىر ئاپەت» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغارلار زاۋال تاپتى.

ئومۇمەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ جۇڭغارلارغا تاقابىل تۇرۇشى كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 70 يىلدا ئاندىن زور غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىكى ئىلگىرىلەش چارىسى شىمالدا خالخانى بېقىندۇرۇش، غەربتە قومۇل، تۇرپاننى ئەل قىلىش، شىزاڭ بىلەن چىڭخەينى تىنچىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىنى قىرقىپ تاشلاش، چوڭ دائىرىدە مۇھاسىرىگە ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ شۇنىڭدىن كېيىن، ئىچكى ماجىرا يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زور قوشۇننى جەنۇبىي يول بىلەن شىمالىي يولدىن چىقىرىپ، ئوردىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىل ئۇسۇل - چارە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس بەلكى بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى پەم - پاراسىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت. تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى تىنچىتقاندا، ئالدى بىلەن، شەرقىي تۈركلەرنى تىنچىتىپ، ئۇيغۇر بىلەن ئىدىقۇت ۋە تۇرپاننى قولغا كىرگۈزۈپ، تۇيغۇنلارنى بېقىندۇرۇپ، غەربىي تۈركلەردە ئىچكى ماجىرا يۈز بەرگەندە ئاندىن تەسلىم بولغانلارنى يول ئاچقۇچى قىلىپ، جەنۇب بىلەن شىمالدىن ئەسكەر كىرگۈزۈپ يوقاتقانىدى، ئالدىنقى ۋەزىيەت بىلەن كېيىنكى ۋەزىيەت بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئوخشايدۇ، ئەسكەر چىقىرىش يولى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇت نىزامى

# 新疆地方志

（季刊）

目 录

1999年第四期

总第四十九期



顾 问

乌依古尔·沙依然

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

主 编

沙比尔·艾力

副主编

哈德尔·阿皮孜

吾甫尔·吾守尔·尼牙孜

阿不都肉甫·艾力

编 委

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

买买提·阿不拉

责任编辑

阿不力孜·鄂尔浑


## 目 录

### 修志研究


方志学与其它学科的关系 …………………… 玛尔哈巴·夏吾东 1


### 历史资料


被烧成炭的身躯 …………………… 穆罕默德伊敏·库尔巴尼 4

隐藏在请帖里的锁链 …………………… 卡吾力·萨吾尔 14

莎车一时的航空事业 …………………… 牙库甫·艾买提 17

锡伯族王后萨日汗 …………………… 阿西尔江·伊敏 18


### 学术讨论


张格尔“英国背景”说质疑 …………………… 潘志平 20


### 历史人物


回忆买买提明·伊明诺夫 …………………… 马木托夫·库尔班 23


### 人名研究


哈密人的家族绰号及其社会意义 …………… 美合拉伊·买买提力 43


### 文物古址


托克逊“博斯坦”大清真寺 …………………… 艾西热甫·阿不都拉 47


### 风俗习惯


天神崇拜及其现代生活的遗迹 ……………… 贝丽克孜·买买提 50


### 《中国经营西域史》


中编　第一章　清朝取新疆及羁属中亚各部 …………………… 53

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئۆردى قادىر نازىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

新疆地方志维吾尔文(季刊)

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

主　　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
　　　　　新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：新疆地方志 编辑部
地　　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷7号
照　　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
　　　　　激光照排公司
印　　刷：新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل يولى غەربىي 1-كوچا 7-نومۇر
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەنبەئە شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

国内统一刊号 CN65—1110/K—W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1110/K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن